فضل الدعاء والأدعية المأْثورة

# دۇئانىڭ ئەھمىيىتى ۋە خاسىيەتلىك دۇئالار

مۇھەممەد سالىھ

دىن مەدەنىيىتى نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

都阿篇/买买提·赛来编；-北京：宗教文化出版社，2002.9

ISBN 7-80123-278-X

Ⅰ.都… Ⅱ.买… Ⅲ.伊斯兰教-祈祷-语言-维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.B965

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2002)第 067742 号

**都阿篇(维文版)**

买买提·赛来 编

出版发行：宗教文化出版社

地　　址：北京市西城区后海北沿 44 号　(100009)

电　　话：64095215(发行部)　64095210(编辑部)

责任编辑：宗　文

责任校定：夏米西丁

印　　刷：新疆建工(集团)印务包装有限责任公司

版权专有　　不得翻印

版本记录：850×1168 毫米　64 开本　6 印张　150 千字

2002 年 9 月第 1 版 2002 年 9 月第 1 次印刷

印　　数：1—30100

书　　号：ISBN 7-80123-278-X/B·40

定　　价：12.20 元

ISBN 7-80123-278-X

9787801232786

# مۇندەرىجە

1- بۆلۈم. دۇئانىڭ ئەھمىيىتى
ۋە خاسىيىتى ........................ 4
2- بۆلۈم. دۇئانىڭ شەرتلىرى... 36
3- بۆلۈم. دۇئا قوبۇل بولىدىغان
چاغلار ۋە جايلار .................. 51
4- بۆلۈم. دۇئا بىلەن سەۋەبنىڭ
مۇناسىۋىتى ........................ 71
5- بۆلۈم. دۇئا بىلەن تەقدىرنىڭ
مۇناسىۋىتى ........................ 75

6 ـ بۆلۈم. دۇئالاردىن تاللانما... 84
1. «قۇرئان كەرىم»دىن
ئېلىنغان ئومۇمىي دۇئالار ............ 91
2. ھەدىس شەرىفتىن ئېلىنغان
ئومۇمىي دۇئالار ..................... 118
3. خاس دۇئالار ............... 196
ھەج مەۋسۇمىگە خاس دۇئالار... 196
1) ھەج قىلىشنى نىيەت قىلىش
دۇئاسى .......................... 198
2) تەلبىيە دۇئاسى ......... 199
3) رۇكنى يەمانى بىلەن
ھەجەرى ئەسۋەد ئارىلىقىدا
ئوقۇلىدىغان دۇئا ..................... 200
4) كەئبىنى تاۋاپ قىلىش

جەريانىدا ئوقۇلىدىغان دۇئا ...... 200
5 ) تاۋاپ قۇدۇم (قەدەم
كەلتۈرۈش تاۋاپى)دىن كېيىن
ئوقۇلىدىغان دۇئا .................. 201
6 ) سەفا-مەرۋە ئوتتۇرىسىدا
سەيئى قىلغاندا ئىككى يېشىل چىراق
ئارىسىدا ئوقۇلىدىغان دۇئا ........ 203
7 ) ئەرەفاتتا ئوقۇلىدىغان
دۇئا ...................................... 204
8 ) شەيتانغا تاش ئاتقاندا
ئوقۇلىدىغان دۇئا .................. 208
9 ) زەمزەم سۈيى ئىچكەندە
ئوقۇلىدىغان دۇئا .................. 208

## تۈرلۈك ھاللاردا ۋە چاغلاردا

ئوقۇلىدىغان خاس دۇئالار ......... 209
1 ) بامدات ۋە شام نامىزىدىن
كېيىن ئوقۇلىدىغان دۇئا ........... 209
2 ) ئەتىگەندە ۋە ئاخشىمى
ئوقۇلىدىغان دۇئالار ............... 210
3 ) كۈندۈزى ۋە كېچىسى
ئوقۇلىدىغان دۇئا .................. 215
4 ) دىشۋارچىلىقتا ( ئېغىرچىلىقتا )
يولۇققاندا ئوقۇلىدىغان دۇئالار ...... 218
5 ) غەم قايغۇدا ئوقۇلىدىغان
دۇئا ............................... 227
6 ) بامدات نامىزىغا چىققاندا
ئوقۇلىدىغان دۇئا ................. 229

7 〉 تاھارەت ئالغاندا ئوقۇلىدىغان
دۇئالار ............................ 230
8 〉 ئەزاندىن كېيىن ئوقۇلىدىغان
دۇئا ............................ 231
9 〉 مەسچىتكە كىرگۈچتە
ئوقۇلىدىغان دۇئا .................. 232
10 〉 مەسچىتتىن چىققاندا
ئوقۇلىدىغان دۇئا .................. 233
11 ) ئىستىخارە دۇئاسى ...... 234
12 〉 ئۇخلاش ئالدىدا ئوقۇلىدىغان
دۇئا ............................ 237
13 ) ئۇيقۇدىن ئويغانغاندا
ئوقۇلىدىغان دۇئالار .................. 238
14 〉 ئۇيقۇ قاچقاندا ئوقۇلىدىغان

دۇئا .................................. 239
15 ) قارا بېسىپ، چۆچۈپ
ئويغىنىپ كەتكەندە ئوقۇلىدىغان
دۇئا .................................. 241
16 ) شەبى قەدرى كېچىسى
ئوقۇلىدىغان دۇئا ..................... 242
17 ) تاماق يېگەندە ۋە كىيىم
كىيگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئالار ...... 242
18 ) تاماقتىن كېيىن ئوقۇلىدىغان
دۇئا .................................. 244
19 ) ئىپتار قىلغاندا ئوقۇلىدىغان
دۇئا .................................. 244
20 ) ئىپتار ئاياقلاشقاندا ئىپتار
بەرگۈچى ئۈچۈن ئوقۇلىدىغان دۇئا ... 245

21) خالاغا كىرگەندە ۋە خالادىن
چىققاندا ئوقۇلىدىغان دۇئالار ...... 246
22) ئۆيدىن تالاغا چىققاندا
ئوقۇلىدىغان دۇئا ................ 247
23) بازارغا كىرگەندە ئوقۇلىدىغان
دۇئا ................................ 248
24) سەپەرگە چىققۇچى
ئۇزاتقۇچىلارغا قارىتا ئوقۇيدىغان
دۇئا ................................ 249
25) سەپەرگە چىققۇچىنى
ئۇزاتقۇچى ئوقۇيدىغان دۇئا ......... 250
26) غەزىپى قوزغالغاندا
ئوقۇلىدىغان دۇئا ................ 251

27 〉 ئاغرىپ قالغاندا ئوقۇلىدىغان
دۇئا ................................. 252
28 〉 ئاغرىپ قالغان ئادەم
كېسىلىدە ئوقۇيدىغان دۇئا ......... 252
29 〉 مۇسىبەت كەلگەنلىكىنى
ئاڭلىغاندا ، كۆرگەندە مۇسىبەت
يەتكەنلىك مۇناسىۋىتى بىلەن
ئوقۇلىدىغان دۇئا ................. 254
30 〉 ھازىدارغا تەسەللىي
بەرگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئالار ... 255
31 〉 مېيىتنى قەبرىگە قويغۇچى
مېيىتنى يەرلىككە قويغاندا ئوقۇيدىغان
دۇئا ................................. 256
32 〉 مېيىت دەپنە قىلىنىپ

بولغاندىن كېيىن قەبرىستانلىقتا
ئوقۇلىدىغان دۇئا .................. 256
33 〉 قەبرە يوقلىغاندا مېيىتلەرگە
سالام بېرىش يۈزىسىدىن ئوقۇلىدىغان
دۇئا ........................... 257
34 〉 يامغۇر تەلەپ قىلغاندا
ئوقۇلىدىغان دۇئا ................. 258
35 〉 يامغۇر ياغقاندا ئوقۇلىدىغان
دۇئا ............................. 259
36 〉 يېڭى چىققان ئاينى
كۆرگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا ...... 259
37 〉 چاقماق ھادىسىسىدىن
ساقلىنىش ئۈچۈن ئوقۇلىدىغان دۇئا... 260
38 〉 شامال چىققاندا ئوقۇلىدىغان

دۇئا ................................ 262
39 〉 ئايالى بىلەن بىر تۆشەكتە
بولغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا ........ 262
40 〉 كىشىنى خۇشال قىلىدىغان
نەرسىنى كۆرگەندە ئوقۇلىدىغان
دۇئا ................................ 462
41 〉 ياخشى كۆرمەيدىغان
ئىشقا دۇچ كەلگەندە ئوقۇلىدىغان
دۇئا ................................ 264
42 〉 چۈش كۆرگەندە ئوقۇلىدىغان
دۇئا ................................ 265
43 〉 دېڭىزدا قاتنىغاندا
ئوقۇلىدىغان دۇئا ................ 266
44 〉 مېيىپ بولغان ياكى

پېشكەللىككە ئۇچرىغان كىشىنى
كۆرگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا ...... 268
45 ) ئۇلاغقا مىنگەندە، ماشىنا
ۋە ئايروپىلان قاتارلىقلارغا چىققاندا
ئوقۇلىدىغان دۇئا .................... 269
7-بۆلۈم. زىكرى ( ئاللاھنى ياد
ئېتىش ) ھەققىدە .................... 271
1. زىكرىنىڭ پەزىلىتى ...... 287
2. تەسبىھ، ھەمدۇسانا،
تەكبىر ۋە تەھلىللەرنىڭ پەزىلىتى... 297
3. ھەۋقەلە (لاَحَوْلَ وَلاَ قُوَّةَ
إِلا بِاللّٰهِ )نىڭ پەزىلىتى ............ 308
4. ئىستىغفارنىڭ پەزىلىتى ... 310
5. تەۋبەنىڭ پەزىلىتى ...... 315

6. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا
دۇرۇت ئېيتىشنىڭ پەزىلىتى ......... 320
7. « قۇرئان كەرىم »نىڭ
پەزىلىتى ......................... 324
1 ) سۈرە « فاتىھە » (تۇنجى
سۈرە ) ھەققىدە ................. 330
2 ) سۈرە « بەقەرە » (2-سۈرە )
ھەققىدە ......................... 333
3 ) سۈرە « ئىسرا » ( « بەنى
ئىسرائىل » ، 17-سۈرە ) ھەققىدە... 335
4 ) سۈرە « كەھف » (18-سۈرە )
ھەققىدە ......................... 336
5 ) سۈرە « نۇر » (24-سۈرە )
ھەققىدە ....................... 337

6 〉 سۈرە « ياسىن » ( 36-سۈرە )
ھەققىدە ........................ 337
7 〉 سۈرە « دۇخان » ( 44-سۈرە )
ھەققىدە ........................ 338
8 〉 سۈرە « ۋاقىئە » ( 56-سۈرە )
ھەققىدە ........................ 338
9 〉 سۈرە « ھەشر » ( 59-سۈرە )
ھەققىدە ........................ 338
10 〉 سۈرە « مۇلۇك »
( « تەبارەك » ، 67-سۈرە ) ھەققىدە
..................................... 339
11 〉 سۈرە « زۇھا » ( 93-سۈرە )
ھەققىدە ........................ 340
12 〉 سۈرە « قەدر » ( 97-سۈرە )

هەققىدە ........................ 341

13 〉 سۈرە « زەلزەلە » (99-سۈرە)

هەققىدە ........................ 341

14 〉 سۈرە « تەكاسۇر » (102-سۈرە)

هەققىدە ........................ 342

15 〉 سۈرە « ئىخلاس » (112-سۈرە)

هەققىدە ........................ 343

16 〉 سۈرە « مۇئەۋۋەزەتەين »

هەققىدە ........................ 344

# دۇئانىڭ ئەھمىيىتى ۋە خاسىيەتلىك دۇئالار

مۇھەممەد سالىھ

"دۇئا" سۆزى تىلغا ئېلىنسىلا مۇناسىۋەتلىك چاغلاردا ئېيتىلىۋېرىپ، كىشىلەرنىڭ تىلىغا رام بولۇپ قالغان "دۇئا قىلدى، دۇئا ياندۇردى، دۇئاغا قول كۆتۈردى، دۇئا ئالدى، دۇئا بەردى، دۇئادا ياد ئەتتى، دۇئالىرى بەرىكاتىدىن، دۇئانىڭ خاسىيىتى، خەيرلىك دۇئا، دۇئا-تەكبىر، دۇئا تەلەپ، دۇئا تىلاۋەت،

دۇئايى-سالام، دۇئاگۇي، دۇئايى خەير، دۇئايى خالىس، ئۇلۇغ دۇئا، دۇئاخان، بەتدۇئا " قاتارلىق سۆزلەر كىشىنىڭ ئېسىگە كېلىدۇ. ئادەتتە كىشىلەر يولدا كېتىۋېتىپ كۆرۈشكەن چاغلىرىدىمۇ، ئۆزئارا ئۆيلىرىگە بېرىشىپ پاتىھە ئوقۇپ ئولتۇرۇشقان چاغلىرىدىمۇ، "ئاللاھۇئەكبەر " دېيىشىپ قوللىرىنى كۆتۈرۈپ يۈزلىرىنى سىپايدۇ. تاماقتىن كېيىنمۇ دۇئا قىلىشىدۇ. يۇقىرىقىلارنىڭ رەسمىي دۇئا ھېسابلىنىش-ھېسابلانماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دۇئا ئوقۇمىنىڭ يۇرتىمىز مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئېڭىغا نەقەدەر چوڭقۇر سىڭگەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ.

مەن تۆۋەندە مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ

ئالاھىدە دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىغان دۇئا ئۈستىدە توختىلىپ، دۇئانىڭ تەرىپى، خاسىيىتى، پەزىلىتى، دۇئانىڭ شەرتلىرى، دۇئانىڭ قائىدىلىرى، دۇئا ئىجابەت بولىدىغان چاغلار ۋە جايلار، ئەنبىيا-ئەۋلىيالارنىڭ دۇئالىرىدىن نەمۇنىلەر، دۇئانىڭ پايدىسى ۋە ئۈنۈمى، دۇئا بىلەن تەقدىرنىڭ مۇناسىۋىتى قاتارلىق مەزمۇنلارنى بايان قىلىپ ئۆتىمەن. ماقالىنىڭ ئاخىرىدا مۇسۇلمان ئوقۇرمەنلەرنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن تۈرلۈك مەزمۇندىكى خاسىيەتلىك دۇئالار، مۇناسىۋەتلىك ئىشلار ۋە جايلاردا ئايرىم ئوقۇلىدىغان مەخسۇس دۇئالارنىڭ ئەسلى ئەرەبچە تېكىستىنى تەرجىمىسى

بىلەن قوشۇپ بەرمەكچىمەن.

### 1. دۇئانىڭ ئەھمىيىتى ۋە خاسىيىتى

دۇئا — ئىسلام دىنىدىكى مۇھىم ئىبادەتلەردىن سانىلىدۇ. دۇئا ئاللاھتائالاغا بەندىچىلىك قىلىشنىڭ يۇقىرى دەرىجىسىدۇر. تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، ھەرقانداق ئىبادەتنى ھوزۇرى قەلب بىلەن ئاللاھتائالانى كۆز ئوڭىدا تۇتۇپ، ئەستايىدىل قىلىش ئىبادەتنىڭ قوبۇل بولۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان شەرتلەردىندۇر. بىچارىلىك ئىزھار قىلىنىپ، تەۋەززۇ بىلەن سەمىمىي قىلىنغان دۇئادا بۇ ھالەت تولۇقى بىلەن تېپىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ھەدىسىدە: ”دۇئا

ئىبادەتنىڭ جەۋھىرى " دېيىلگەن.
«قۇرئان كەرىم»نىڭ نۇرغۇن ئايەتلىرىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆپلىگەن ھەدىسلىرىدە دۇئانىڭ ئەھمىيىتى، پەزىلىتى ۋە قائىدە-يوسۇنلىرى بايان قىلىنغان، دۇئا قىلىشقا تەرغىپ قىلىنغان.

" مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرۇلۇق سورىسا (ئۇلارغا ئېيتقىنكى) مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن (يەنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى، سۆزلىرىنى بىلىپ تۇرىمەن)، ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن. ئۇلار توغرا يول تېپىش ئۈچۈن مېنىڭ دەۋىتىمنى قوبۇل قىلسۇن" ... (2-سۈرە

بەقەرە، 186 ـ ئايەت) . "پەرۋەردىگارىڭلارغا تۆۋەنچىلىك بىلەن ئىچىڭلاردا دۇئا قىلىڭلار، دۇئادا ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلەرنى ئاللاھ ياقتۇرمايدۇ" (7 ـ سۈرە ئەئراف، 55 ـ ئايەت) . "ئېيتقىنكى 'ئەگەر سىلەرنىڭ دۇئايىڭلار بولمىسا، پەرۋەردىگارىم سىلەرگە پەرۋا قىلمايدۇ' ..." (25 ـ سۈرە شۇئەرا، 77 ـ ئايەت) . "پەرۋەردىگارىڭلار ئېيتىدۇ: 'ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن (دۇئايىڭلارنى) قوبۇل قىلىمەن (تىلىگىنىڭلارنى بېرىمەن) ، شۈبھىسىزكى، مېنىڭ ئىبادىتىمدىن چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتىدىغانلار خار ھالدا جەھەننەمگە كىرىدۇ' " (40 ـ سۈرە غافىر، 60 ـ ئايەت) .

« سۈنەن ئەبۇ داۋۇد » كىتابىدا نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: "دۇئا قىلىشنىڭ ئۆزى بىر تۈرلۈك ئىبادەتتۇر" . يەنە « سۈنەن تىرمىزى » كىتابىدا ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە : "ئاللاھنىڭ نەزىرىدە دۇئادىن قىممەتلىك نەرسە يوق" دېيىلگەن، يەنە بىر ھەدىستە : "ھاجىتىنى ئاللاھتىن سورىمىغان ئادەمگە ئاللاھ غەزەپ قىلىدۇ" دېيىلگەن. يەنە بىر ھەدىستە: "ئاللاھتىن ھاجىتىنى تىلىمىگەن ئادەمگە ئاللاھ غەزەپ قىلىدۇ" دېيىلگەن. "دۇئا مۆمىننىڭ قورالىدۇر ،

دىنىنىڭ تۈۋرۈكىدۇر. ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىنىنىڭ نۇرىدۇر»، «دۇئادا بوشاپ قالماڭلار، دۇئا قىلغان ھېچبىر ئادەم ھالاك بولمايدۇ». يۇقىرىقى ئايەت ۋە ھەدىسلەردىن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا دۇئانىڭ ئورنىنىڭ ناھايىتى يۇقىرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز. دۇئا بەندىنى ئاللاھقا ئۇلاشتۇرىدىغان رىشتە، ئاللاھقا يېقىن بولۇشنىڭ ئالامىتى سۈپىتىدە قارىلىدىغان شەرەپلىك ئىبادەت. ئاللاھتائالا بەندىلەرنى ئۆزىگە دۇئا تەلەپتە بولۇشقا بۇيرۇغان، پەزلى كەرىمگە ئېلىپ ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىشقا كېپىللىك قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. بوينى قويماسلىقتىن دۇئانى

تەرك ئېتىپ، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەن
ئادەم خورلانغان هالدا دوزاخقا كىرىدىغانلىقى
بىلەن ئاگاهلاندۇرۇلغان. قايسىبىر ئەرەبچە
شېئىردا دۇئاغا مۇنداق تەرغىب قىلىنغان:
هاجىتىڭ بولسا تىلە ئول كەڭ كەرەملىك
تەڭرىدىن،
قىلمىغىن هەرگىز كىشىدىن تەلمۈرۈپ هاجەت
تەلەپ.
بەندىدىن نەرسە تەلەپ قىلساڭ بولۇر
سەندىن خاپا،
گەر تەلەپ قىلساڭ خۇدادىن خۇش بولۇر
قىلماس غەزەپ.
ئاللاهتائالا بەندىلىرىنى دۇئا ئارقىلىق
ئاللاهقا يۈزلىنىشكە بۇيرۇغان. دۇئا ئىنسانىي

ياراتقۇچىسى بولغان ئاللاھقا باغلاپ تۇرىدۇ. دۇئا ئىنسان تەبىئىتىدىكى بىر خىل تۇغما ھالەت بولۇپ، ھەرقانداق ئادەم ئۆز بېشىغا كۈلپەت چۈشكەندە، تەبىئىي رەۋىشتە ئاللاھقا يالۋۇرۇپ سېغىنىدۇ، بېشىغا كەلگەن دەرد-ئەلەمنى كۆتۈرۈۋېتىشنى تىلەپ ئىلتىجا قىلىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە بۇ نۇقتا مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: "**ئىنسانغا نېمەت ئاتا قىلساق (پەرۋەردىگارىغا شۈكۈر قىلىشتىن) يۈز ئۆرۈيدۇ، ھاكاۋۇرلىشىپ كېتىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا يامانلىق يەتسە ئۆزلۈكسىز دۇئا قىلىدۇ**" (41-سۈرە فۇسسىلەت، 51-ئايەت). "ئىنسانغا بىرەر زىيان-زەخمەت يەتسە، ياتسىدۇ، ئولتۇرسىدۇ،

تۇرسدۇ (ئۇنى دەپئى قىلىشىمىزنى تىلەپ) بىزگە دۇئا قىلىدۇ؛ ئۇلارغا يەتكەن زىيان-زەخمەتنى كۆتۈرۈۋەتسەك، گويا ئۇنى كۆتۈرۈۋېتىشىمىزنى تىلەپ بىزگە دۇئا قىلمىغاندەك، يامان ئىشنى يەنە داۋاملاشتۇرىدۇ، ھەددىدىن ئاشقۇچىلارنىڭ قىلمىشلىرى ئۇلارغا مۇشۇنداق چىرايلىق كۆرسىتىلدى» (10-سۈرە يۇنۇس، 12-ئايەت). يۇقىرىقى ئايەتلەردە يەنە بېشىغا كۈن چۈشكەندە ئاللاھنى ياد ئېتىپ ھەدەپ ئىلتىجا قىلىدىغان، خاتىرجەملىك كۈنلەردە ياكى بېشىدىكى ئېغىرچىلىق كۆتۈرۈۋېتىلگەندە ئاللاھنى ئۇنتۇپ كېتىدىغان، ئىلگىرىكى يامان ئىشلىرىدىن قول ئۈزمەي

يەنىلا ئۇنى داۋاملاشتۇرىدىغان كىشىلەر ئەيىبلىنىدۇ. يەنە بىر ئايەتتە يۇقىرىقى مەزمۇن دېيىلگەندىن كېيىن شۇ كىشىلەرنى ئاللاھ ئىمانغا دەلالەت قىلمايدۇ، ئۇلار ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىگە ئىشەنمىگەنلىكى، غەرق بولۇپ كېتىشتىن قۇتۇلۇپ قالغان كىشىلەر مىسال قىلىنىپ مۇنداق كۆرسىتىلىدۇ:

ئاللاھ سىلەرنى قۇرۇقلۇقتا، دېڭىزدا سەيەر قىلدۇرىدۇ، سىلەر ئولتۇرغان كېمە (كىشىلەرنى ئېلىپ) مەيىن شامالدا مېڭىۋاتقان ۋە (بۇ) شامالدىن ئۇلار خۇشاللىنىۋاتقان چاغدا، بىردىنلا بوران چىقىپ (كېمە ئۆرۈلىدۇ)، ئۇلار تەرەپ-تەرەپتىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان دېڭىز

دولقۇنلىرى ئىچىدە قالىدۇ، كېمىدىكىلەر قورشىۋېلىنغانلىقىغا (يەنى ھالاك بولىدىغانلىقىغا) جەزم قىلىدۇ، ‹ئى خۇدا! ئەگەر سەن بىزنى بۇنىڭدىن (يەنى بالادىن) قۇتۇلدۇرساڭ، بىز چوقۇم شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولىمىز،› دەپ چىن كۆڭلى بىلەن دۇئا قىلىدۇ. ئاللاھ ئۇلارنى (بۇ بالادىن) قۇتقۇزغاندىن كېيىن، ئۇلار يەر يۈزىدە يولسىزلىق بىلەن بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ. ئى ئىنسانلار، بۇزغۇنچىلىقىڭلارنىڭ گۇناھى ئۆزۈڭلارغا بولىدۇ...» (10-سۈرە يۇنۇس، 22-23-ئايەتلەر). ھالاكەت ئېغىزىدىن قۇتقۇزۇۋېلىنغان مۇنداق كىشىلەر ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلماسلىقى، ئاللاھنىڭ

پەزلى-مەرھەمىتىگە شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن ئاللاھنىڭ ئىبادىتىگە بېرىلىشى، قىسقىسى، بەندە بېشىغا كەلگەن ھادىسە، خەۋپ-خەتەرنىڭ كۆتۈرۈۋېتىلىشى بەندىنىڭ ئاللاھنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى بەجا كەلتۈرۈشىگە، مەنئى قىلغان ئىشلىرىدىن چەكلىنىشىگە تۈرتكە بولۇشى لازىم. كىشىنىڭ بەندىچىلىك يۈزىسىدىن كەڭچىلىك كۈنلەردىمۇ ئاللاھقا يۈزلىنىپ، دۇئا تەلەپتە بولۇپ تۇرۇشى زۆرۈر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”باياشات كۈنلىرىڭدە ئاللاھنى تونۇساڭ، بېشىڭغا قاتتىق كۈن كەلگەندە ئاللاھمۇ سېنى تونۇيدۇ“ دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە:

"قيين ئەھۋالدا قالغان چاغلىرىمدا قىلغان دۇئايىم ئىجابەت بولۇپ خۇشاللىناي دېگەن ئادەم كەڭتاشچىلىق-پاراۋانلىق كۈنلىرىدە كۆپ دۇئا قىلسۇن" دەيدۇ. كىشى خاتىرجەملىك چاغلىرىدا ئاللاھنى ياد ئېتىپ تۇرسا، بېشىغا كۈن چۈشكەندە ئاللاھ ئۇنى تاشلىۋەتمەيدۇ. دېمەك، كىشى ئەمەلىنى تۈزەپ ھەمىشە پەرۋەردىگارنى ئەسلەپ دۇئا قىلىپ تۇرسا، ئېغىر كۈنلەردە قىلىدىغان دۇئاسىنىڭ ئىجابەت بولۇشىغا ئاساس ھازىرلىغان بولىدۇ. ئىنسان ھاياتلىقتا مەيلى راھەت كۆرسۇن، مەيلى جاپا چەكسۇن، ھامان سىناق ئۈستىدە تۇرىدۇ، "بىز سىلەرنى

يامانلىققا مۇپتىلا قىلىش، ياخشىلىق بېرىش ئارقىلىق سىنايمىز" (21-سۈرە ئەنبىيا 35-ئايەتنىڭ بىر قىسمى). مۇسۇلمان كىشى ئىككىلا ھالەتتە پەرۋەردىگارى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ قويمايدۇ. ئاللاھقا سېغىنىپ تۇرۇشنى ئېسىدىن چىقارمايدۇ. راھەت-پاراغەتتە بولغاندا ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن ئاللاھنىڭ ئاتاسىنىڭ شۈكۈرانىسىنى ئادا قىلىدۇ. مېھنەتتە قالغاندا ئۆزىگە سەۋر-تەھەممۇلنى دوست تۇتۇپ چىدامىلىق كۆرسىتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ ھەدىسىدە بۇ مەزمۇن ئىخچام رەۋىشتە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان: "مۆمىن ئادەم بىرەر نەرسىگە

ئېرىشسە شۈكۈر قىلىدۇ، ئۇنىڭغا بىرەر زىيان-زەخمەت يەتسمۇ سەۋر قىلىدۇ، مانا بۇ مۆمىنلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىدۇر. مۆمىن ئادەمنىڭ ھەممە ئىشىنىڭ ياخشى بولۇشى ھەيران قالارلىق ئىشتۇر" (بۇنى سەھىي مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). دۇنيا كىشىنى روھىي جەھەتتىن داۋالاش رولىنى ئوينايدۇ، كىشى دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىق، دەرد-ئەلەملەرنى يېڭىشتا يېقىن دوست ياكى سىرداش كىشىنىڭ بولۇشىنى خالاپ قالىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ھال-مۇڭ ئېيتىشسا، ئۆزىدە بىر خىل يەڭگىللىك ھېس قىلىدۇ، روھىي كېسەل دوختۇرلىرىنىڭ قارىشىچە، نېرۋىنىڭ جىددىيلىشىشىنى ۋە روھىي

كېسەللەرنى داۋالاش يېقىن بىر سىردىشىدىغان دوستىنىڭ بولۇشىغا زور دەرىجىدە باغلىق بولۇپ قالىدۇ، تەبىئىيكى دەردنى ئىچىگە يۇتۇپ يۈرۈۋېرىش كېسەلنى كۈچەيتىۋېتىدۇ، غەمكىن ئادەم پەرۋەردىگارىغا ئىلتىجا قىلىپ، كۆڭلىدىكىنى ئىزھار قىلىپ تىلىكىنى سورىسا، كۆڭلى ئارام تاپىدۇ ۋە غەمدىن خالاس بولغاندەك بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى ئۇ بۇ ۋاقىتتا، ئاللاھنى ئۆزىگە يېقىن ھېس قىلىپ، دۇئايىمنى ئىجابەت قىلىدۇ دەپ چىن كۆڭلى بىلەن ئېتىقاد قىلىدۇ. دۇئا ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە ئاللاھقا قۇربەت ھاسىل قىلغان تەقۋادار بەندىلەرنىڭ ئاللاھقا سېغىنىشتىكى

پاناھگاھى، پەرۋەردىگارىغا يۈزلىنىشتىكى ئىلتىجاگاھى بولغان، ئۇلارنىڭ ھەر چاغ ھەيپىلىشىدىغان ئىشىغا ئايلانغان، ئۇلار بېشىغا كۈن چۈشكەندە، دەرد-ئەلەم كەلگەندە، مۈشكۈلچىلىكلەرگە يولۇققاندا، پەرۋەردىگارىدىن تۈرلۈك ھاجەتلىرىنى سورىغاندا، ئاللاھنىڭ ئەپۇ-مەغپىرىتىنى تىلىگەندە، ئاللاھنى سېغىنىپ دۇئا قىلىشقان.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام: "پەرۋەردىگارىم! ماڭا بىر ياخشى پەرزەنت ئاتا قىلغىن" دەپ دۇئا قىلغان، ئاللاھ «قۇرئان كەرىم»دە ئۇنىڭغا بىر مۇلايىم ئوغۇل بىلەن خۇش خەۋەر بەرگەنلىكىنى ئېيتقان.

يەنە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كەئبىنى بىنا قىلغاندا، ئوغلى ئىسمائىل بىلەن بىرلىكتە ئاللاھقا يۈزلىنىپ، ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەلىنى ئاللاھنىڭ قوبۇل قىلىشىنى سوراپ دۇئا قىلغان، شۇنداقلا ئۇلار دۇئا قىلغاندا، ئەۋلادلىرىنىمۇ ئېسىدىن چىقارمىغان، "پەرۋەردىگارىمىز! بىزنىڭ (خىزمىتىمىزنى) قوبۇل قىلغىن. سەن ھەقىقەتەن دۇئايىمىزنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن، (نىيىتىمىزنى) بىلىپ تۇرغۇچىسەن. پەرۋەردىگارىمىز! ئىككىمىزنى ئۆزۈڭگە ئىتائەتمەن قىلغىن، بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىزدىنمۇ ئۆزۈڭگە ئىتائەتمەن ئۈممەت چىقارغىن، بىزگە ھەججىمىزنىڭ قائىدىلىرىنى بىلدۈرگىن، تەۋبىمىزنى قوبۇل

قىلغىن، چۈنكى سەن تەۋبىنى ناھايىتى قوبۇل قىلغۇچىسەن. ناھايىتى مېھرىبانسەن" (2-سۈرە بەقەرە، 127-128-ئايەتلەر). يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىنداشلىرى ئۇنىڭغا سۇيىقەست قىلغان چاغدا، يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىپ، دۇئا قىلىش ئارقىلىق تەسەللىي تاپقان: "مەن پەقەت چىرايلىقچە سەۋر قىلىمەن، سىلەرنىڭ (مۇشۇ يالغان) سۆزۈڭلارنى كۆتۈرۈشۈمگە ئاللاھ مەدەتكاردۇر" (12-سۈرە يۈسۈف، 18-ئايەتنىڭ بىر قىسمى). يۈسۈف ئەلەيھىسسالام مىسىر پادىشاھىنىڭ خانىشىدىكى چاغدا، شەيتاننىڭ ھىيلە-مىكرىسىگە يولۇققان، بۇ چاغدا،

ئۇ شەيتانىنىڭ شەررىدىن ساقلىنىش يۈزىسىدىن ئاللاھقا سېغىنغان، ئۇنىڭغا زۇلەيخانىڭ دېگىنىگە كۆنمىسە زىندانغا تاشلىنىشى بىلەن تەھدىت سېلىنغاندا، ئاللاھقا يۈزلىنىپ ”ئى پەرۋەردىگارىم! ماڭا ئۇلار ئۈندىگەن نەرسىدىن كۆرە زىندان سۆيۈملۈكتۇر“ (12-سۈرە يۇسۇف، 33-ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دەپ دۇئا قىلغان. ئاللاھ ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى ئۇلارنىڭ ھىيلە-مىكرىسىدىن ساقلىغان.

زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ مەرھەمەت قىلىپ پەرزەنت ئاتا قىلىشىنى تىلەپ ”ئى پەرۋەردىگارىم! مېنى (بالىسىز،

ۋارىسسىز ) يالغۇز قويمىسالڭ" دەپ دۇئا قىلغان ( 21 ـ سۈرە ئەنبىيا ، 89 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى ) .

مۇسا ئەلەيھىسسالام مىسىردىن چىققاندا ، قەلبىنى قورقۇچ قاپلىغان ، ئاللاھتىن باشقا مەدەتكار بولمىغان ئەھۋالدا " پەرۋەردىگارىم! مېنى زالىم قەۋمدىن قۇتقۇزغىن" (28 ـ سۈرە قەسەس ، 21 ـ ئايەت ) دەپ مۇناجات قىلغان . يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنى بېلىق يۇتۇۋەتكەندە ، بېلىقنىڭ قارنىدا تۇرۇپمۇ ئۈمىدسىزلەنمەي ، ئاللاھقا يېلىنغان ھالدا دۇئا قىلىپ : " ( پەرۋەردىگارىم! ) سەندىن باشقا ھېچ مەبۇد ( بەرھەق ) يوقتۇر ، سەن ( جىمى كەمچىلىكلەردىن )

پاكتۇرسەن، مەن ھەقىقەتەن (ئۆز نەپسىمگە) زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم" (21-سۇرە ئەنبىيا، 87-ئايەت) دەپ نىدا قىلغان. ئاللاھتائالا: "ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدۇق، ئۇنى (بېلىق يۇتقان چاغدىكى) غەمدىن خالاس قىلدۇق، شۇنىڭدەك مۆمىنلەرنى (ئېغىرچىلىقلاردىن) خالاس تاپقۇزىمىز" (21-سۇرە ئەنبىيا، 88-ئايەت) دېگەن سۆزى بىلەن يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپلا قالماستىن، يەنە مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەردىن قۇتقۇزىدىغانلىقى بىلەن بېشارەت بەرگەن. ئەييۇب ئەلەيھىسسالام

كېسەل چىرمىۋالغان، زىيان-زەخمەتلەرگە يولۇققاندا، ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىپ دۇئا قىلغان: "ئۆز ۋاقتىدا ئەييۇب پەرۋەردىگارىغا: 'ھەقىقەتەن مېنى بالا (يەنى قاتتىق كېسەل) ئورىۋالدى، سەن ئەڭ مەرھەمەتلىكسەن، دەپ دۇئا قىلدى" (21-سۈرە ئەنبىيا، 83-ئايەت).

ئاللاھتائالا ئەييۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ كېسەللىرىنى ساقايتقان، بېشىغا كەلگەن مۇسىبەت، زىيان-زەخمەتلەرنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ بەرگەن. تۆۋەندىكى ئايەت بۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇ. "ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدۇق، ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن

بالانى كۆتۈرۈۋەتتۇق، ئۇنىڭغا رەھىم قىلغانلىقىمىز، ئىبادەت قىلغۇچىلارغا ئىبرەت قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئائىلىسىنى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش بىر باراۋەرنى ئاتا قىلدۇق (يەنى ئۇنىڭ ئۆلگەن بالىلىرىنىڭ ۋە يوقالغانماللىرىنىڭ ئورنىغا بىر ھەسسە كۆپ بالا، بىر ھەسسە كۆپ مال بەردۇق)"
(21-سۈرە ئەنبىيا، 84-ئايەت).

ئاللاھ ئىمانىنى زىيادە قىلغان ئەسھابۇلكەھق يىگىتلىرى ئۆز ئەقىدىسىنى ساقلاش يۈزىسىدىن زالىم پادىشاھنىڭ زۇلمىدىن قېچىپ غارغا پاناھلانغان، ئۇلار: "پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە رەھمەت خەزىنىلىرىڭدىن ئاتا قىلغىن، بىزنىڭ

ئىشلىرىمىزنى تۈزەپ، بىزنى ھىدايەت تاپقۇچىلاردىن قىلغىن" (18-سۈرە كەھف، 10-ئايەت) دەپ ئاللاھقا سىغىنىپ دۇئا قىلغان، ئاللاھ ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىش يۈزىسىدىن مۇنۇ ئايەت بىلەن بىشارەت بەرگەن: "پەرۋەردىگارىڭلار سىلەرگە كەڭ رەھمەت قىلىدۇ، ئاللاھ سىلەرنىڭ ئىشىڭلارنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ" (18-سۈرە كەھف، 16-ئايەتنىڭ بىر قىسمى). شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇلارنى زالىملارنىڭ زۇلمىدىن ئۆز پاناھىدا ساقلىغان.

بىز يۇقىرىقىلاردىن ئاللاھنىڭ تاللانغان ھۆرمەتلىك پەيغەمبەرلىرىنىڭ ۋە مۆمىن

بەندىلىرىنىڭ بارچە مۇراد-مەقسەتلىرىنى ئاللاھتىن سورايدىغانلىقىنى، دۇئانى بارلىق غەم-غۇسسىلاردىن خالاس تېپىشنىڭ قورالى، باشقا چۈشكەن كۈلپەتلەردىن قۇتۇلۇشنىڭ يولى، بالا دېڭىزىغا غەرق بولغاندا، نىجات تېپىشنىڭ كېمىسى قىلغانلىقىنى كۆرىمىز، ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرى مۆمىنلەر ئۈچۈن شانلىق نەمۇنىلەردۇر. مۇسۇلمان بەندىلەر ئۇلارغا ئەگىشىپ ماڭغاندىلا ھىدايەت تاپالايدۇ، مۇشكۈل پەيتلىرىدە، جىددىي ھالەتلەردە دۇئانى تىلىغا رام، دىلىغا ئارام قىلالىغان ئۇلارغا ئوخشاش بەندە مەقسەتكە يېتەلەيدۇ. ياخشىلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇش، يامان ئادەملەردىن

ناچار خاھىش، يامان كەيپىياتنى يوقتۇرۇۋېلىشتىن ھەزەر ئەيلەش دۇئا قىلغۇچىنىڭ نەپسىنى تازىلىشى، قەلبىنى پاكلىشى، شۇنىڭ بىلەن دۇئاسىنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن يول ھازىرلىشىغا پايدىلىق ئامىلدۇر. «قۇرئان كەرىم»دىكى مۇنۇ ئايەتتە ياخشى دوست، ئوبدان ھەمراھ تاللاش تەشەببۇس قىلىنغان: "سەن پەرۋەردىگارىنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ، ئەتىگەن-ئاخشامدا ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىدىغانلار بىلەن سەۋرچان بولغان ھالدا بىللە بولغىن، ھاياتىي دۇنيانىڭ زىبۇزىننىتىنى دەپ، ئۇلارنى كۆزگە ئىلماي قالمىغىن، بىز دىلىنى زىكرىمىزدىن

غەپلەتتە قالدۇرغان، نەپسى خاھىشىغا ئەگەشكەن، ئىشى ھەددىدىن ئاشقان ئادەمنىڭ (سۆزىگە) ئەگەشمىگىن" (18-سۈرە كەھف، 28-ئايەت). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ھەدىسىدە: "ياخشى ھەمراھ خۇددى ئىپار ساتقۇچىغا ئوخشايدۇ. ناچار ھەمراھ خۇددى تۆمۈرچىنىڭ كۆيۈكىگە ئوخشايدۇ. ئىپار ساتقۇچىنىڭ ياكى ئىپاردىن سېتىۋالسەن ياكى ئىپارنىڭ خۇش ھىدىنى پۇرايسەن. تۆمۈرچىنىڭ كۆيۈكى بولسا بەدىنىڭنى يا كىيىمىڭنى كۆيدۈرىدۇ ياكى ئۇنىڭ سېسىق پۇرىقى بۇرنۇڭغا كىرىدۇ" دېيىلگەن. ئىخلاس بىلەن قىلغان ھەرقانداق ياخشى ئىش

بىكارغا كەتمەيدۇ. بېشىغا دىشۋارچىلىق كەلگەن ئىنسان ئۆزىنىڭ خالىس قىلغان ئەمەلىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دىكى "ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى پەرۋەردىگارى ئىجابەت قىلدى: ھەرقانداق بىر ياخشى ئىش قىلغۇچىنىڭ قىلغان ئەمەلىنى بىكار قىلىۋەتمەيمەن" دېگەن ئايەت بۇنى ئىسپاتلايدۇ. كىشى قىلغان ياخشى ئەمەلنى ۋاستە قىلىپ دۇئا قىلسا، دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشىغا بۇنىڭ پايدىسى تېگىدۇ. ئۆتكەنكى ئۈممەت كىشىلىرىنىڭ بىر قىسسىدە بۇنىڭ ئەمەلىيىتى كۆرۈلگەن. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە،

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دېگەن:
"ئۈچ نەپەر ئادەم بىرلىكتە سىرتقا
چىقىدۇ، ئۇلار يامغۇردا قېلىپ بىر غارنىڭ
ئىچىگە كىرىۋالىدۇ، بۇ چاغدا بىر قورام
تاش يۇقىرىدىن دومىلاپ چۈشۈپ غارنىڭ
ئاغزىنى توسۇۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار،
ئۆزئارا ھاياتىمىزدا ئىشلىگەن ئەڭ ئەۋزەل
ئەمەلىمىزنى تىلغا ئېلىپ، ئاللاھقا سېغىنايلى
دېيىشىدۇ، ئۇلارنىڭ بىرى: ئى ئاللاھ،
مېنىڭ ياشىنىپ قالغان قېرى ئاتا-ئانام
بار ئىدى، مەن پادا باقاتتىم، ماللارنى
سېغىپ كېلىپ ئالدى بىلەن سۈتنى
ئاتا-ئانامغا ئىچكۈزۈپ، ئاندىن سەغىرە
باللىرىمغا ۋە ئەھلى ئايالىمغا ئىچكۈزەتتىم،

بىر ئاخشىمى كىچىكىپ قالدىم، سۈتنى ئېلىپ كەلسەم ئاتا-ئانام ئۇخلاپ قاپتۇ، ئۇلارنى ئويغىتىشنى خوپ كۆرمىدىم. باللار قورسىقى ئاچ هالدا ئايىغىمدا يىغلاپ تۇرۇشاتتى. سۈتنى ئالدى بىلەن ئاتا-ئانامغا ئىچكۈزۈش ئۈچۈن سۈبهى يورۇپ ئۇلار ئويغانغۇچە قاچىدىكى سۈتنى تۇتۇپ كۈتۈپ تۇردۇم. ئى ئاللاھ، ئەگەر مۇشۇ ئىشنى سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن قىلغانلىقىمنى بىلگەن بولساڭ، بىزگە ئاسماننى كۆرەلىگۈدەك يوچۇق ئېچىپ بەرسەڭ، دېيۈدى، قورام تاش ئازراق كۆتۈرۈلدى. يەنە بىر ئادەم: ئى ئاللاھ ساڭا مەلۇمكى، مەن تاغامنىڭ قىزىنى

بەك ياخشى كۆرەتتىم. ئۇنىڭ بىلەن بىر يەردە بولۇشنى تەلەپ قىلدىم، ئۇ يۈز دىنار بەرسەم ئاندىن ئۇنايدىغانلىقىنى ئېيتتى، يۈز دىنار تېپىپ كېلىپ ئۇنىڭغا بەردىم، ئۇ ئىختىيارىنى ماڭا تاپشۇردى. ئۇنىڭغا يېقىنلاشماقچى بولغىنىمدا ، ئۇ: ئاللاھتىن قورققىن، نىكاھسىز يېقىنلاشمىغىن، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى تاشلاپ كەتتىم، ئى ئاللاھ، سېنىڭ رازىلىقىڭنى دەپ مېنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىمنى بىلگەن بولساڭ بىزگە چوڭراق يوچۇق ئېچىپ بەرسەڭ، دېيىشتى، قورام تاشنىڭ ئۈچتىن ئىككىسى كۆتۈرۈلدى. يەنە بىرسى: ئى ئاللاھ، ساڭا مەلۇمكى، بىر مەدىكارنى

ئىش ھەققىگە بىر فەرەق. (122. 74 كىلوگىرامغا تەڭ-ت) قوناق بېرىشكە سۆزلىشىپ ئىشلەتتىم، ئۇ ئىشنى تۈگىتىپ ئىش ھەققىنى ئالماي كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ ئىش ھەققىگە بەرمەكچى بولغان قوناقنى تېرىپ ئۇنىڭ ئۈچۈن دېھقانچىلىق قىلىپ قويدۇم. ھوسۇل كۆپىيىۋەردى، ئۇنىڭغا چارۋا ۋە ئۇنى باقىدىغان پادىچى قۇل ئېلىپ قويدۇم. بىرقانچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ كېلىپ: ئى ئاللاھنىڭ بەندىسى ئىش ھەققىمنى بەرگىن، دېدى. مەن ئۇنىڭغا: ئاشۇ چارۋىلار ۋە ئۇنى باقىدىغان پادىچى ھەممىسى سېنىڭكى دېدىم. ئۇ: مېنى زاڭلىق قىلىۋاتامسەن؟

دېدى. مەن ئۇنىڭغا: زاكىلىق قىلىۋاتقىنىم يوق، ئۇنىڭ ھەممىسى سىنىڭ ئىش ھەققىڭ بولىدۇ، دېدىم. ئى ئاللاھ، يۇقىرىقى ئىشنى سىنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن قىلغانلىقىمنى بىلسەڭ، بۇ تاشنى كۆتۈرۈۋەتكىن، دېدى. شۇنىڭ بىلەن غارنىڭ ئاغزىدىكى قورام تاش پۈتۈنلەي كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئۇلار غاردىن سالامەت قۇتۇلۇپ چىقتى» .

## 2. دۇئانىڭ شەرتلىرى

دۇئانىڭ بىرمۇنچە شەرتلىرى بار، دۇئا قىلغان ئادەم دۇئاسىنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن مەزكۇر شەرتلەرنى ئورۇنلىشى كېرەك بولىدۇ. ئالدىنقى شەرت

دۇئا قىلغۇچىنىڭ يېمىكى، ئىچمىكى، كىيىم-كېچىكى هارام ئارىلاشمىغان، هالال رىزقىدىن بولۇشى كېرەك. مۇسۇلمان ئادەم هالال رىزقىنى ئىزدەيدىغان، هارامدىن ساقلىنالايدىغان بولۇشى لازىم. «قۇرئان كەرىم »دە ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: "ئى ئىنسانلار، يەر يۈزىدىكى هالال (يەنى هالال يول بىلەن كەلگەن) پاكىز نەرسىلەردىن يەڭلار، شەيتاننىڭ يوللىرىغا ئەگەشمەڭلار، چۈنكى شەيتان سىلەرگە ئوچۇق دۈشمەندۇر" (2-سۈرە بەقەرە، 168-ئايەت). ئاللاھتائالا جىمى نۇقسانلاردىن پاكتۇر، پەقەت پاك ئەمەللەرنىلا قوبۇل قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ

مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان: "ئى ئىنسانلار! ئاللاھ جىمى نۇقسانلاردىن پاكتۇر، پەقەت پاك ئەمەللەرنىلا قوبۇل قىلىدۇ"، ئاللاھ پەيغەمبەرلەرنى نېمىگە ئەمر قىلغان بولسا، مۆمىنلەرنىمۇ شۇنىڭغا ئەمر قىلىپ مۇنداق دېگەن: "ئى پەيغەمبەرلەر! ھالال نەرسىلەرنى يەڭلار، ياخشى ئەمەللارنى قىلىڭلار، مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى ئوبدان بىلىمەن" (23-سۈرە مۆئمىنۇن، 51-ئايەت). يەنە ئاللاھتائالا: "ئى مۆمىنلەر! بىز سىلەرنى رىزىقلاندۇرغان ھالال نەرسىلەردىن يەڭلار، ئەگەر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدىغان بولساڭلار،

ئاللاھقا (يەنى ئاللاھنىڭ ھەددى-ھېسابسىز نېمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلىڭلار" (2-سۈرە بەقەرە، 172-ئايەت). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق بىر ئادەمنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن: " (ئۇ ئادەم) (پۇل-مال توپلاش يولىدا) تولا سەپەر قىلىپ، باش-كۆزلىرى توپا-تۇمان، كىرلىشىپ كەتكەن ھالدا، ئى رەببىم، ئى رەببىم، دەپ ئىككى قولىنى ئاسمانغا سوزىدۇ، ھالبۇكى ئۇنىڭ يېگىنىمۇ، ئىچكىنىمۇ، كىيگىنىمۇ ھارامدۇر، ئۇزۇقلانغىنىمۇ ھارامدۇر، قانداقمۇ ئۇنىڭ دۇئاسى قوبۇل قىلىنسۇن؟ " (بۇ ھەدىسنى مۇسلىم بىلەن تىرمىزى رىۋايەت قىلغان). ئىبنى ئابباس رىۋايەت

قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ”ئى ئىنسانلار! يەر يۈزىدىكى ھالال-پاكىز نەرسىلەردىن يەڭلار“ دېگەن ئايەتنى مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدا ئوقۇغانىدىم. سەئىد ئىبنى ۋەققاس ئورنىدىن تۇرۇپ: ”ئى رەسۇلۇللا! ماڭا دۇئا قىلساڭ، ئاللاھتائالا مېنى مېنىڭ قىلغان دۇئايىم ئىجابەت بولىدىغان بەندە قىلسا، دېگەندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: ئى سەئىد! يېگەن تامىقىڭ ھالال بولسۇن، شۇ چاغدا قىلغان دۇئايىڭ قوبۇل بولىدۇ، بىرەر ئادەم قارنىغا ھارام لوقما قاچىلايدىكەن، ئۇنىڭ قىلغان قىرىق كۈنلۈك ئەمەلى قوبۇل بولمايدۇ، قايسىبىر بەندە بولمىسۇن،

هارام مال ۋە جازانە يەپ سەمرىدىكەن،
ئۇنىڭغا دوزاخ ئەڭ لايىقتۇر" دېگەن.
دۇئا قىلغۇچى ئادەم دۇئادىن ئىلگىرى
قىلغان-ئەتكەنلىرىگە تەۋبە قىلىشى،
گۇناھلىرى ئۈچۈن ئاللاھدىن مەغپىرەت
تىلىشى لازىم. «قۇرئان كەرىم»دە
ئاللاھتائالا نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز
قەۋمىگە ئاللاھتىن مەغپىرەت تەلەپ
قىلىشى ھەققىدە تەلىم بەرگەنلىكى
ھېكايە قىلىنىپ: " (ئۇلارغا) ئېيتتىم:
پەرۋەردىگارىڭلاردىن مەغپىرەت تىلەڭلار،
ئۇ ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر.
ئۇ سىلەرگە مول يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدۇ،
سىلەرنىڭ ماللىرىڭلارنى ۋە ئوغۇللىرىڭلارنى

كۆپەيتىپ بېرىدۇ، سىلەرگە باغلارنى، ئۆستەڭلەرنى ئاتا قىلىدۇ" (71-سۈرە نۇھ، 10-12-ئايەتلەر) دەيدۇ. يەنە ئاللاھتائالا داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلىدىن ھېكايە قىلىپ: "ئى قەۋمىم! پەرۋەردىگارىڭلاردىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئاندىن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىڭلار، ئۇ سىلەرگە كۆپ يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدۇ، سىلەرگە تېخىمۇ كۈچ-قۇۋۋەت ئاتا قىلىدۇ، سىلەر گۇناھقا چۆمگەن ھالدا (مېنىڭ دەۋىتىمدىن) يۈز ئۆرۈمەڭلار" (11-سۈرە ھۇد، 52-ئايەت) دەيدۇ. يەنە ئاللاھتائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاپ قىلىپ، مۇنداق دەيدۇ: "رەببىڭگە تەسبىھ ئېيتقىن، ھەمدى

ئېيتقىن ۋە ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلىگىن. ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋبىنى بەك قوبۇل قىلغۇچىدۇر" (110-سۈرە يۇنۇس، 3-ئايەت).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: "كىمكى ئاللاھتائالادىن داۋاملىق مەغپىرەت تىلىسە، ئاللاھ ئۇنى غەملەردىن خالاس قىلىدۇ، قىيىنچىلىقلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ، ئويلىمىغان يەردىن ئۇنىڭغا رىزىق ئاتا قىلىدۇ". ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم دەيدۇ: "شۈبھىسىزكى، مەن بىر كېچە-كۈندۈزدە ئاللاھتىن 70 قېتىمدىن ئارتۇقراق مەغپىرەت تىلەيمەن ۋە ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىمەن." تەۋبە

بىلەن ئىستىغپار بەندىنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدۇ، ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشتۈرىدۇ، بەندىنىڭ قەلبىدىكى ئىمان نۇرىنى يورۇتىدۇ، ئۇنى ياخشى بەندىلەر قاتارىغا كىرگۈزىدۇ.

ئاللاھنىڭ ئەمرىنى تۇتۇش، چەكلىگەن ئىشلىرىدىن يېنىش بەندىنىڭ دۇئاسىنىڭ قوبۇل بولۇش-بولماسلىقىغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىكتۇر. ئىبراھىم ئىبنى ئەدھەم بىز دۇئا قىلساق نېمشقا دۇئايىمىز ئىجابەت بولمايدۇ؟ دەپ سورىغۇچىلارغا مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن: "سىلەر ئاللاھنى تونۇپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلمىدىڭلار، پەيغەمبەرنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ سۈننىتىگە

ئەگەشمەيدىغانلار، قۇرئاننى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمايدىغانلار، ئاللانىڭ نېمەتلىرىنى يەپ تۇرۇپ ئۇنىڭ شۈكۈرانىسىنى ئادا قىلمايدىغانلار، دوزاخنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن قاچمايدىغانلار، شەيتاننى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن كۈرەش قىلماي، ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەر، ئۆلۈمنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا تەييارلىق قىلمايدىغانلار، ئۆلگەنلەرنى دەپنە قىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن ئىبرەت ئالمايدىغانلار، ئۆزلىرىنىڭ ئەيىبىنى قويۇپ كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى كولايدىغانلار».

دۇئا قىلغان ئادەم ئالدى بىلەن قەلبىنى پاكلىشى، نىيىتىنى توغرىلىشى، ئاندىن تاھارەت ئېلىپ دۇئاغا كىرىشىشى

لازىم. تاھارەت مۆمىن ئادەمنىڭ قورالى بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن قوغلاندى شەيتاننىڭ شەررىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. دۇئانى قىبلىگە قاراپ قىلغان ياخشى، «قۇرئان كەرىم»دە ئاللاھتائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "بىز سېنىڭ (كەبە قىبلەڭ بولۇشىنى تىلەپ) قايتا-قايتا ئاسمانغا قارىغانلىقىڭنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز. سېنى چوقۇم سەن ياقتۇرىدىغان قىبلىگە يۈزلەندۈرىمىز. (نامازدا) يۈزۈڭنى مەسجىدى ھەرام تەرەپكە قىلغىن. (ئى مۆمىنلەر!) قەيەردە بولماڭلار، (نامازدا) يۈزۈڭلارنى مەسجىدى ھەرام تەرەپكە

قىلىڭلار" (2-سۈرە بەقەرە، 144-ئايەت).
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە
ئەگىشىش يۈزىسىدىن ئىككى قولنى كۆتۈرۈپ
دۇئا قىلىش، ئاندىن ئىككى قول بىلەن
يۈزنى سىيپاش لازىم، ئىبنى ئۆمەر
مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: "پەيغەمبەر
ئەلەيھىسسالام ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ
تۇرۇپ دۇئا قىلاتتى، دۇئا ئاياغلاشقاندا
ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى سىيپايتتى."
دۇئا قىلغۇچى كىشى دۇئاسىنى ئاللاھقا
ھەمدۇسانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا
دۇرۇت ئېيتىش بىلەن باشلاش لازىم.
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:
"ئاللاھتائالادىن ھاجىتىڭلارنى سورىماقچى

بولساڭلار، ئالدى بىلەن ماڭا دۇرۇت ئېيتىپ ئاندىن سوراڭلار. مۇنداق بولغاندا ئاللاھتائالا دۇرۇتنى قوبۇل قىلىپ، سورىغان ھاجىتىڭلارنى راۋا قىلماي قالمايدۇ".

دۇئا قىلغان ئادەم يۇقىرى ئاۋاز بىلەن توۋلاپ دۇئا قىلماسلىقى لازىم، چۈنكى دۇئا قىلىۋاتقان ھالەت ئاللاھقا تۆۋەنچىلىك نەزىرى بىلەن يېلىنىشنى تەقەززا قىلىدۇ، ھۇزۇرى قەلب ھەم ئىخلاس بىلەن دۇئا قىلىشقا تىنچ، جىمجىتلىق كېرەك. «قۇرئان كەرىم»دە ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:

**"پەرۋەردىگارىڭلارغا تۆۋەنچىلىك بىلەن يوشۇرۇن دۇئا قىلىڭلار، (دۇئا قىلغاندا كەلسە-كەلمەس سۆزلەپ، توۋلاپ)**

**ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلەرنى ئاللاھ ياقتۇرمايدۇ"** (7-سۈرە ئەئراف، 55- ئايەت). ئاللاھتائالا زەكەرىيا ئەلەيھسسالامنىڭ دۇئاسىنى ياقتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ:

**" ئۇ ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىغا پەس ئاۋازدا مۇناجات قىلدى"** (19-سۈرە مەريەم، 3-ئايەت). ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: "بىز سەپەر ئۈستىدە پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بىللە ئىدۇق، كىشىلەر ۋارقىراپ تەكبىر ئېيتىشلى، دۇئا قىلىشلى تۇردى، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئاۋازىڭلارنى پەسەيتىڭلار، سىلەر گاسنى ۋە غايىبنى چاقىرىۋاتقىنىڭلار يوق، ئاللاھ سىلەر بىلەن

بىللە، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئاگلاپ تۇرغۇچىدۇر، يېقىندۇر" دېدى. دۇئا قىلغان ئادەم دۇئانى ئالدى بىلەن ئۆزىگە، ئاندىن باشقىلارغا قىلسا بولىدۇ. بۇ «قۇرئان كەرىم»دىكى بىر قىسىم دۇئالارنىڭ روھىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئاللاھتائالا «قۇرئان كەرىم»دە بىر جامائە مۆمىنلەر تىلىدىن بىزگە تەلىم بېرىش يۈزىسىدىن مۇنداق دەيدۇ: "ئۇلاردىن كېيىن كەلگەنلەر: پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ۋە بىزدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان قېرىنداشلىرىمىزغا مەغپىرەت قىلغىن، دىللىرىمىزدا مۆمىنلەرگە قارشى دۈشمەنلىك پەيدا قىلمىغىن، پەرۋەردىگارىمىز! سەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىسەن،

مېھرىبانسەن دەيدۇ» (59-سۈرە ھەشر، 10-ئايەت). نۇھ ئەلەيھىسسالاممۇ مۇنداق دۇئا قىلغان: «پەرۋەردىگارىم! ماڭا، ئاتا-ئانامغا، مېنىڭ ئۆيۈمگە مۆمىن بولۇپ كىرگەن كىشىگە ۋە مۆمىن ئەرلەرگە، مۆمىن ئاياللارغا مەغپىرەت قىلغىن، زالىملارغا پەقەت ھالاكەتنى زىيادە قىلغىن» (71-سۈرە نۇھ، 28-ئايەت).

## 3. دۇئا قوبۇل بولىدىغان چاغلار ۋە جايلار

ئاللاھتائالا ئىلتىجا قىلغۇچىلارنىڭ، سېغىنىپ دۇئا قىلغۇچىلارنىڭ دۇئاسىنى قايسى ۋاقىتتا، قايسى چاغدا بولمىسۇن

ئاگلاپ تۇرىدۇ. شۇنداقتىمۇ دۇئانىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن كۆزدە تۇتۇلىدىغان شاراپەتلىك ۋاقىتلار، شاراپەتلىك جايلار بولىدۇ. تاللانغان ۋاقىت ۋە ئالاھىدە جايلاردا قىلىنغان دۇئانىڭ ئەھمىيىتى ئەجايەت بولۇش ئېتىبارى بىلەن تېخىمۇ زور بولىدۇ. يىلدا بىر كېلىدىغان ھارپا كۈنى، شىبى قەدىر كېچىسى، ئايلار ئىچىدە رامىزان ئېيى، ھەپتە كۈنلىرى ئىچىدە جۈمە كۈنى، نىسپى شەب (يېرىم كېچە)، نامازغا ئەزان توۋلانغان چاغ، سەجدىدىكى چاغ، قۇرئان تىلاۋىتى ئاياغلاشقان چاغ، بولۇپمۇ قۇرئان خەتمىسى تۈگىگەن چاغ، يامغۇر ياغقان چاغ، پەرز

نا ماز ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىنكى چاغ، سەھەر ۋاقتى، ئەزان بىلەن ئىقامەت ئارىسىدىكى چاغ قاتارلىق چاغلار قىلىنغان دۇئا قوبۇل بولىدىغان ۋاقىتلاردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئەزان بىلەن ئىقامەت ئارىسىدىكى ۋاقىت ئىچىدە قىلىنغان دۇئا رەت قىلىنمايدۇ" دېگەن. يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "كېچىنىڭ ئاخىرقى ئۈچتىن بىرى قالغان چاغدا، ھەر كېچىسى پەرۋەردىگارىمىز دۇنيا ئاسمىنىغا چۈشۈپ: "دۇئا قىلغانىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن، سورىغانىنىڭ تىلىگىنىنى بېرىمەن، ئىستىغپار ئېيتقانىغا مەغپىرەت قىلىمەن دەيدۇ" دېگەن. يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

" بەندە سەجدە قىلغان چىغىدا پەرۋەردىگارىغا ئەڭ يېقىن ھالەتتە بولىدۇ. (بۇ چاغدا) دۇئانى كۆپ قىلىڭلار" دېگەن. ئاللاھتائالا «قۇرئان كەرىم»دە: "ئۇلار سەھەرلەردە مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ" دەيدۇ. ئىبنىلشلارغا قارىغاندا، يەئقۇب ئەلەيھىسسالام سەھەردە دۇئا قىلىش ئۈچۈن باللىرىغا خىتاب قىلىپ: "سىلەرگە پەرۋەردىگارىمدىن مەغپىرەت تىلەيمەن" دېگەن. ئۇ سەھەر ۋاقتىدا تۇرۇپ دۇئا قىلغان. باللىرى ئۇنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ئامىن دېيىشىپ بەرگەن.

ئاللاھتائالا يەئقۇب ئەلەيھىسسالامغا: "باللىرىڭنى مەغپىرەت قىلدىم، ئۇلارنى

پەيغەمبەر قىلدىم" دەپ ۋەھيى قىلغان. سەھەر ۋاقتى ئىنساننىڭ دىلى ساپ بولىدىغان چاغدۇر. مۇجاھىد: "پەرز نامازلار ياخشى پەيتلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان، پەرز نامازدىن كېيىن سىلەر دۇئا قىلىڭلار" دېگەن. ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: "بىز شام نامىزىغا ئەزان چىقىقاندا دۇئا قىلىشقا بۇيرۇلغاندۇق" دېگەن. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە: "ھەربىر كېچىدە شۇنداق بىر سائەت باركى، مۇسۇلمان ئادەمنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەت ئىشىدىن بىرەر ياخشىلىقنى ئاللاھتائالادىن تىلىشى شۇ سائەتكە توغرا كېلىپ قالىدىكەن، ئاللاھ

ئۇنىڭ تىلىگىنىنى بەرمەي قويمايدۇ"
دېيىلگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام
يەنە: "روزا تۇتقان ئادەمنىڭ دۇئاسى
رەت قىلىنمايدۇ" دېگەن.

دۇئا قوبۇل بولىدىغان مۇبارەك جايلار
بولىدۇ. ئۇلار: مەسچىتلەر، جۈملىدىن
مەككىدىكى مەسجىدى ھەرام، مەدىنىدىكى
مەسجىدى نەبەۋى دەپ ئاتىلىدىغان
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسچىتى،
بەيتۇلمۇقەددەستىكى مەسجىدى ئەقسا،
مەككە مۇكەررەمە، مەدىنە مۇنەۋۋەرە،
ئەرەفات، كەئبە شەرىفە، مولتەزەم،
مىزابنىڭ ئاستى، زەمزەم قۇدۇقى جايى،
سەفا-مەرۋە، مىنا، مۇزدەلىفە، ماقامى

ئىبراھىم، شەيتانغا تاش ئاتىدىغان ئۈچ جاي قاتارلىقلاردىن ئىبارەتتۇر. يۇقىرىدىكى جايلاردا كىشىنىڭ قەلبى ساپ بولىدۇ، ھۇزۇرى قەلب بىلەن ئاللاھقا يۈزلىنىدۇ. ھەربىر مۇسۇلمان ئادەم مۇنداق جايلاردا ئاللاھقا كۆپرەك ئىلتىجادا بولۇشى ۋە ئاللاھنىڭ پەزلى-مەرھەمىتىنى، رەھمىتىنى، مەغپىرىتىنى، ئۆزىنىڭ ئىككى دۇنيالىق بەختىنى، ئامان-ئېسەنلىكىنى تىلەپ كۆپرەك دۇئا قىلىشى لازىم. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە: "ئۈچ تۈرلۈك ئادەمنىڭ قىلغان دۇئاسى رەت قىلىنمايدۇ: روزا تۇتقان ئادەمنىڭ ئىپتار قىلغان چېغىدا

قىلغان دۇئاسى، ئادىل خەلىفىنىڭ قىلغان دۇئاسى، زۇلۇمغا ئۇچرىغان ئادەمنىڭ دۇئاسى. زۇلۇم قىلىنغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئاللاھتائالا بۇلۇتنىڭ ئۈستىدە كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ دۇئاسىغا ئاسماننىڭ دەرۋازىلىرى ئېچىلىدۇ، پەرۋەردىگار: 'سەلتەنىتىم بىلەن قەسەمكى، بىر مۇددەتتىن كېيىن بولسىمۇ ساڭا چوقۇم ياردەم بېرىمەن' دەيدۇ" دېيىلگەن. يەنە بىر ھەدىستە: "زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ دۇئاسىدىن قورقىڭ. زۇلۇم قىلىنغان ئادەمنىڭ دۇئاسى بىلەن ئاللاھنىڭ ئارىسىدا پەردە-ھىجاب يوق" دېيىلگەن. بۇ ھەدىسلەردە زۇلۇمغا ئۇچرىغان،

ئېزىلگەنلەرنىڭ قىلغان دۇئاسىنىڭ زايا كەتمەيدىغانلىقى، ئاللاھتائالانىڭ زالىملاردىن، ئەزگۈچىلەردىن چوقۇم ئىنتىقام ئېلىپ بېرىدىغانلىقى، ئاللاھتائالانىڭ مەزلۇملارغا ھامان مەدەتكار بولىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىلگەن.

ئەبۇ دەردائى رەزەيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىسىدە: "مۇسۇلمان ئادەمنىڭ بۇرادىرى ھەققىدە غايىبانە قىلغان دۇئاسى ئىجابەت بولىدۇ. دۇئا قىلغۇچىنىڭ بېشىدا بىر مۇئەككەل پەرىشتە تۇرىدۇ. بۇرادىرى ئۈچۈن بىرەر خەيرلىك دۇئا قىلسىلا، مۇئەككەل پەرىشتە:

'ئامىن ساڭىمۇ دېگىنىڭدەك بولسۇن'

دەيدۇ" دېيىلگەن. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە: "بىرەر كېسەل ئادەمنىڭ قېشىغا كىرسەڭ ئۇنىڭ ساڭا دۇئا قىلىپ قويۇشىنى سورىغىن، ئۇنىڭ دۇئاسى پەرىشتىنىڭ دۇئاسىغا ئوخشايدۇ" دېيىلگەن. ئابدۇللا ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە: "ھۇزۇرىدا بولمىغان ئادەم ئۈچۈن غايىبانە دۇئا قىلغان ئادەمنىڭ دۇئاسى ئەڭ تېز ئىجابەت بولىدۇ" دېيىلگەن. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە: "ئۈچ خىل كىشىنىڭ قىلغان دۇئاسى شەكسىز رەۋىشتە ئىجابەت

بولىدىغان دۇئادۇر: ئاتىنىڭ بالىغا قىلغان دۇئاسى، مۇساپىر ئادەمنىڭ دۇئاسى، زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ دۇئاسى" دېيىلگەن. دۇئانى ئۈزۈپ قويماي، ئۈزلۈكسىز قىلىش تەرغىب قىلىندۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: " ئاللاھ ھەقىقەتەن دۇئادا قەتئىي بولغۇچىلارنى ياقتۇرىدۇ" دېگەن. يەنە مۇنداق دېگەن: "سىلەر دۇئانى قوبۇل بولىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن هالدا قىلىڭلار، بىلىڭلاركى ئاللاھتائالا ئۇنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغان غاپىل قەلبنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلمايدۇ". پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يەنە بىر ھەدىسىدە: "سىلەر پەرۋەردىگارىڭغا دۇئا قىلسام

قوبۇل بولمدى دەپ ئالدىراپ كەتمسەڭلارلا، قىلغان دۇئايىڭلار ئىجابەت بولىدۇ" دېيىلگەن.

سەھىھى مۇسلىمنىڭ بىر رىۋايىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دېگەن: "دۇئا قىلغان بەندە ئالدىراپ كەتمسە، دۇئاسى گۇناھ ئۈچۈن ياكى بۇرادىرى بىلەن بولغان سىلەرەھىم، قېرىنداشلىق مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ قويۇش ئۈچۈن بولمىسلا، ئۇنىڭ قىلغان دۇئاسى ھامان ئىجابەت بولىدۇ." پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامدىن، ئالدىراپ كېتىش نېمە؟ دەپ سورالغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: "ئالدىراپ كېتىش دېگەن، بەندىنىڭ دۇئا قىلدىم،

دۇئا قىلدىم، خۇدا دۇئايىمنى قوبۇل قىلمىدى دەپ ھېرىپ، دۇئانى تاشلاپ قويۇشى" دەپ جاۋاب بەرگەن. قىلىنغان دۇئانىڭ تېز ئۇنۇمى كۆرۈلمىگەندىمۇ ئۇ بىكارغا كەتمەيدۇ. «سۇنەن تىرمىزى»دا رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: "مۇسۇلمان بەندىنىڭ قىلغان دۇئاسىدا گۇناھ بولىدىغان ياكى سىلە-رەھىمنى ئۈزۈپ قويىدىغان مەزمۇن بولمىسىلا، ئاللاھ ئۇنى مۇنداق ئۈچ خىل نەتىجىنىڭ بىرىدىن بەھرىمەن قىلىدۇ: ياكى ئۇنىڭ دۇئاسىنى چاپسانراق قوبۇل قىلىدۇ ياكى دۇئاسىنىڭ مۇكاپاتىنى ئاخىرەتكە قالدۇرىدۇ ياكى ئۇنىڭ ئورنىغا

ئۇنىڭدىن بىر بالانى دەپئى قىلدۇ» ،
ئولتۇرغانلاردىن بىرى: «ئۇنداق بولسا
بىز دۇئانى كۆپ قىلىمىز» دېگەندە ،
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ ھەم
سىلەرگە تېخىمۇ زىيادە بېرىدۇ» دەپ
ئېيتقان .

قىلغان دۇئا مەيلى ئىجابەت بولسۇن ،
ياكى ئىجابەت بولمىسۇن ھامان زايا
كەتمەيدۇ . دۇئاسى قوبۇل بولغان ئادەمنىڭ
ئاللاھقا بولغان ئىشەنچىسى ، توغرا يولدا
مېڭىش ئىرادىسى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ . شۈكۈر
قىلىش يۈزىسىدىن پەرۋەردىگارىغا تېخىمۇ
يۈزلىنىدۇ . دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشى
گاھى تېز بولىدۇ ، گاھى ئاستا بولىدۇ .

دۇئانىڭ كېچىكىپ ئىجابەت بولۇشى دۇئانىڭ پايدىسىز بولغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ، ئېغىر چىلىقتا قالغان بەندىنىڭ قىلغان دۇئاسى ئىجابەت بولماي، بېشىغا كەلگەن كۈلپەتنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كەتمەسلىكى ئاللاھتائالانىڭ ئۇ بەندىنىڭ سەۋرچانلىقىنى سىناش ئۈچۈن قىلغان سۈكۈتىدۇر. مېھنەتتە قالغان بەندە دەردكە چىدىماي ئۆزىنى يوقىتىپ قويماستىن غەيرەتلىك بولۇپ، سەئيىە ھەرىكەتتىن توختاپ قالماي، چىدامىلىق كۆرسەتكۈچىلەردىن بولسا، كالامۇللادىكى "پەقەت سەۋر قىلغۇچىلارغا ئۇلارنىڭ ئەجرى ھېسابسىز بېرىلىدۇ" (39-سۈرە زۇمەر، 10-ئايەت)؛ "بىز

ئەييۇبنى ھەقىقەتەن سەۋرچان بايقىدۇق، ئۇ نېمىدېگەن ئوبدان بەندە! ھەقىقەتەن ئۇ (ئاللاھقا) تەۋبە بىلەن يۈزلەنگۈچىدۇر"
(38-سۈرە، ساد، 44-ئايەت)؛ "بىز سىلەرنى بىرئاز قورقۇنچ بىلەن، بىرئاز قەھەتچىلىك بىلەن ۋە ماللىرىڭلارغا، جانلىرىڭلارغا، بالىلىرىڭلارغا، زىرائەتلىرىڭلارغا يېتىدىغان زىيان بىلەن چوقۇم سىنايمىز. (بېشىغا كەلگەن مۇسىبەت، زىيان-زەخمەتلەرگە) سەۋر قىلغۇچىلارغا (جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگىن. ئۇلارغا بىرەر مۇسىبەت كەلگەن چاغدا، ئۇلار: 'بىز ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز (يەنى ئاللاھنىڭ بەندىلىرىمىز)، چوقۇم

ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز ' دەيدۇ، ئەنە شۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ مەغپىرىتى ۋە رەھمىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر، ئەنە شۇلار ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر " (2-سۈرە بەقەرە، 155 — 157-ئايەتلەر) قاتارلىق ئايەتلەردە تەرىپلىنىپ ئالاھىدە مەدھىيىلەنگەن سەۋر قىلغۇچىلار قاتارىدا بولىدۇ.

مۇنداق بەندە چىن دىلى بىلەن دۇئا قىلىپ ئاللاھنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە بولۇشىنى، مەدەت قىلىشىنى سورايدۇ. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا قىلغان مۇنۇ دۇئاسىدىن ئىلھاملىنىدۇ ۋە ئۆلگە

ئالدۇ: "ئى پەرۋەردىگارىم! مېنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىم ۋە خەلق نەزىرىدە ھۆرمەت-ئىناۋىتىمنىڭ قالمىغانلىقىدىن ساڭا شىكايەت قىلىمەن. (دىنغا دەۋەت قىلىش نىيىتىدە تائىفقا چىققاندا مۇشرىكلار رەسۇلۇللاغا قاتتىق ئازار-كۈلپەتلەرنى قىلغان) ئەڭ ھۆرمەتلىك زات، سەن ئاجىزلارغا ياردەم بېرىسەن، سەن مېنىڭ رەببىمسەن، مېنى كىمگە تاپشۇرىسەن؟ سېنىڭ ماڭا غەزىپىڭ بولمىسىلا مۇنداق قىيىنچىلىقلارغا پىسەنت قىلمايمەن" . دۇئا مەزمۇن جەھەتتىن ساغلام بولۇشى كېرەك. دۇئانىڭ مەزمۇنى ھايات ۋە تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىگە زىت بولماسلىقى

ۋە مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلار ئۈستىدە بولماسلىقى لازىم. ئەقىلگە سىغمايدىغان ئىشلارنى تەلەپ قىلىش ئەخمەقلىق بولىدۇ. بەندە ھەرقانچە تەقۋادار بولغاندىمۇ سۇ ئۈستىدە مېڭىشنى، ھاۋادا ئۇزۇپ ئۇچۇشنى، ھېچقانداق سەۋەبسىزلا تاغنىڭ ئۆز ئورنىدىن يۆتكىلىشىنى تەلەپ قىلىپ دۇئا قىلسا، مۇنداق دۇئا ھەرگىز ئىشقا ئاشمايدۇ. چۈنكى ئىسلام دىنى خۇراپات دىن ئەمەستە! ئىشنىڭ بۇ ئۇسۇل بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىشى ھايات ۋە تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. « قۇرئان كەرىم »دە: **" ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىشنى تاپالمايسەن "** دېيىلگەن. ئاللاھتائالانىڭ شەيئىلەردە قويغان قانۇنىيىتى ئىزچىل بولۇپ، دۇئا قىلغۇچى ئۈچۈن ئاللاھ ئۇنى ئۆزگەرتىپ

بەرمەيدۇ. غەيرىي مۇمكىن نەرسىلەرنى تەلەپ قىلىپ قىلىنغان دۇئا ئىجابەت بولمىغانلىق سىرتىدا، مۇنداق قىلىشنىڭ ئۆزى ئاللاھقا قارىتا ئەدەبسىزلىك بولىدۇ. مۇنداق دۇئا قىلغۇچى گويا "ئى ئاللاھ، سېنىڭ ياراتقان مەخلۇقاتلىرىڭدا بېكىتكەن قانۇنىيەتلىرىڭنى ۋە ئۇلاردا ئورناتقان بىر پۈتۈن تەرتىپ-ئىنتىزام سىستېمىسىدىكى ھېكمەتلىرىڭنى مەن ئۈچۈن بىكار قىلىۋەتكىن" دېگەندەك بولىدۇ. يەنە شۇنىڭدەك ئاللاھتىن گۇناھ بولىدىغان ئىشلارنى تىلەپ دۇئا قىلىش بىمەنىلىك بولىدۇ. دۇئا ئورۇنلۇق بولۇشى ئۈچۈن، ئۇ ئاللاھنى رازى قىلىدىغان خەيرلىك ئىشلار ئۈستىدە بولۇشى، ئىسلام دىنىنىڭ روھىغا، غايە-مەقسەتلىرىگە ئۇيغۇن كېلىشى لازىم.

**4. دۇئا بىلەن سەۋەبنىڭ مۇناسىۋىتى**

بەندە دۇئا قىلىش بىلەن بىللە

سەۋەبنىمۇ قىلىشى كېرەك. دۇئادا تىلغا ئېلىنغان تىلەكلەرنىڭ ئىشقا ئېشىشى ئۈچۈن دۇئاغا ئىش-ھەرىكەت ياندىشىپ كېلىشى لازىم. كۆڭۈلگە پۈككەن بىرەر مەنپەئەتكە ئېرىشىش ياكى بىرەر زىيان-زەخمەتتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇرۇنۇپ كۆرۈش لازىم. خۇداغا تەۋەككۈل قىلدىم دەپ ئۇخلاپ يېتىش ياكى قاراملىق بىلەن قارىسىغا ئىش كۆرۈشنىڭ ئىككىلىسى خاتا. ئىشنىڭ ئۆز يولى ۋە قانۇنىيىتى بويىچە ئىش كۆرۈپ، سەۋەبىنى قىلىپ قويۇپ، ئاندىن ئاللاھتائالاغا تەۋەككۈل قىلىش لازىم. ئىسلام دىنىدا تەشەببۇس قىلىنغان تەۋەككۈلنىڭ ھەقىقىي مەنىسى ئەنە شۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسىدىكى: "سىلەر ئاللاھقا ھەقىقىي تەۋەككۈل قىلىدىغان بولساڭلار خۇددى قۇشلار ئەتىگەندە

ئۇۋىلىرىدىن ئاچ چىقىپ، كەچتە توق قايتىپ ئۇزۇقلاندۇرۇلغاندەك، ئەلۋەتتە، سىلەرمۇ رىزقلاندۇرۇلغان بولاتتىڭلار" دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىمۇ تەۋەككۇل بىلەن سەۋەبنىڭ مۇناسىۋىتىنى ناھايىتى ئوبدان چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. قۇشلار بولسا ئۇۋىلىرىدا ياتماي كۈندۈزى كەچكىچە ئۇچۇپ يۈرۈپ يەم ئىزدەيدۇ. نەتىجىدە ئۆزىمۇ تويغۇدەك، ئۇۋىسىدىكى باللىرىغىمۇ توشۇغۇدەك يەمگە ئېرىشىدۇ. خەلىپە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: "بىرەرسىڭلار ئاللاھنىڭ ئاسماندىن ئالتۇن بىلەن كۈمۈش ياغدۇرمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، رىزقى تەلەپ قىلىش يولىدا ھەرىكەت قىلماستىن، ئى ئاللاھ ماڭا رىزقى بەرگىن دەپ قاراپ ئولتۇرمىسۇن" دېگەن. «قۇرئان كەرىم»دە ئاللاھتائالا: "ئىنسان پەقەت ئۆزىنىڭ

ئىشلىگەن ئىشنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ»
(53-سۈرە نەجم، 39-ئايەت) دەيدۇ.
مانا بۇلاردىن ئۆزمە پىش ئاغزىمغا چۈش
دەپ ئولتۇرۇشنىڭ قەتئىي خاتا ئىكەنلىكىنى
روشەن كۆرۈۋالالايمىز.

دۇئا ئارقىلىق ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىش
بىلەن بىللە ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى
ئۈچۈن چارە-تەدبىر ۋە ئامال ئىزدەش
لازىم. «تەلەپ قىل، سەۋەب قىل»
دېگەن ئاتىلار سۆزى ئىسلام دىنىنىڭ روھىغا
ئۇيغۇن هالدا ناهايىتى جايىدا ئېيتىلغان.

سەۋەب بىلەن بىللە قىلىنغان دۇئا
ئىمانىنىڭ خىسلەتلىرىدىن بىرى هېسابلىنىدۇ.
سەھىھ ھەدىسلەرنىڭ مەزمۇنى بويىچە
ئېيتقاندا، ئىمان دېگەن تىل بىلەن ئېيتىش،
دىل بىلەن ئىشىنىش، قول سېلىپ
ئىشلەشلەردىن هاسىل بولىدۇ. تىل،

دىل، ھەرىكەت ماسلىشىپ قىلىنغان دۇئا ئاندىن دۇرۇس دۇئا سانىلىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بىرەر مۇسۇلمان بەندە ئاللاھتىن دۇنيادا رىزقىنىڭ كەڭ بولۇشىنى، ئاخىرەتتە مەغپىرەت قىلىنىشىنى ۋە شۇنىڭدەك ئىشلارنى تىلەيدىكەن، چىن دىلى بىلەن ئاللاھقا يۈزلىنىشتىن تاشقىرى، رىزقىغا ۋە مەغپىرەتكە سەۋەب بولىدىغان ئىشلارنى قىلىشى لازىم بولىدۇ.

**5. دۇئا بىلەن تەقدىرنىڭ مۇناسىۋىتى**

مۆمىن بەندىنىڭ ئىشى ئاللاھنىڭ تەقدىرىگە رازى بولۇشتۇر. دۇئا قىلىش تەقدىرگە قارىمۇقارشى كەلمەيدۇ. تەقدىر قىلىنغان ئىش يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئەلۋەتتە تەقدىرگە تەن بېرىش لازىم. تەقدىر قىلىنغان بىرەر ئىش يۈز بېرىشتىن ئىلگىرى ھېچكىم ئىشنىڭ قانداق

بولىدىغانلىقىنى ئالدىنئالا بىلمەيدۇ. نەتىجە ئېتىبارى بىلەن ئۇنى پايدىلىق تەرەپكە بۇراش ياكى زىيانىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇنىڭ سەۋەبىنى قىلىش لازىم. تۈرلۈك چارە-تەدبىر ئىش-ھەرىكەتلىرى سەۋەب ھېسابلىنىدۇ. تەقدىر قىلىنغان ئىش سەۋەب بىلەن زىچ باغلانغان بولۇپ، ئەزەلدىنلا سەۋەب بىلەن بىللە بېكىتىلگەن. سەۋەب ئورۇندىلىش بىلەن تەقدىردە پۈتۈلگەن ئىش يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن، قورساقنىڭ توقلۇقىغا يېيىش سەۋەب بولىدۇ، ئۇسسۇزلۇقنىڭ قاندۇرۇلۇشىغا سۇ ئىچىش سەۋەب بولىدۇ، زىرائەتنىڭ ئۆسۈشىگە ئۇرۇق سېلىپ تېرىش سەۋەب بولىدۇ، قوينىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىگە ئۇنى بوغۇزلاش سەۋەب بولىدۇ، شۇنداقلا جەننەتكە كىرىشكە ياخشى ئەمەللەر، دوزاخقا

كىرىشكە يامان ئەمەللەر سەۋەب بولىدۇ.
دۇئامۇ ئەنە شۇ سەۋەبلەر جۈملىسىدىندۇر.
بىرەر بەندە ئاللاھتائالانىڭ شەيئىلەردە
قويغان قانۇنىيىتى ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار
بولغان سەۋەبلەر بويىچە ئىشلەپ،
ئەستايىدىللىق بىلەن دۇئا تەلەپتە
بولسا، تىلى بىلەن قىلغان دۇئادا پۈتۈن
سەۋەبلەرنى ياراتقۇچى بەرھەق بىر
ئاللاھ ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت چىن ئىمان
ئىپادىلەنسە، ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئاللاھ
ئىجابەت قىلىدۇ، سەۋەبلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ
بېرىدۇ. مەقسىتىنىڭ ھاسىل بولۇشىغا
مۇۋەپپەق قىلىدۇ. شەرتلىرى تولۇق بولۇپ
ساداقەتلىك بىلەن قىلىنغان دۇئا تەقدىرگە
تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ، پەيغەمبەر
ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدە: "قازا
ۋە قەدەرنى پەقەت دۇئالا قايتۇرالايدۇ"،

"دۇئا تەقدىر بىلەن ئۆچرىشىدۇ، ئۇ ئىككىسى قىيامەت كۈنىگىچە ئېلىشىدۇ" دېيىلگەن. بىرىنچى ھەدىستىن تەقدىرنى قايتۇرۇشنىڭ دۇئادىن ئىبارەت پەقەت بىرلا يولىنىڭ بارلىقىنى، ئاللاھتائالانىڭ ئۆز بەندىلىرىگە مەرھەمەت قىلىپ ئىجابەت بولغان دۇئانى قازا ۋە قەدەرنىڭ ئوقىدىن ساقلىنىدىغان مۇھاپىزەت قالقىنى قىلىپ بەرگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز؛ ئىككىنچى ھەدىستىن شۇنى چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇكى، قازا ۋە قەدەر گويا مىلتىقتىن چىققان ئوق بولۇپ، نىشانغا تېگىش يۆنىلىشى بويىچە كېتىۋاتقاندا دۇئاغا يولۇقىدۇ، دۇئانىڭ نىشانغا تېگىشىگە پۇتلىكاشاڭ پەيدا قىلىدۇ، ئەمما ئاللاھنىڭ ھۆكمى بىكار قىلىنىپ، تەقدىر ئوقى ئارقىغا قايتۇرۇلمايدۇ. دۇئا ئۇنىڭغا مۇئەككەل بولغانلىقتىن تەقدىر

ئوقى ئۆز يۈنىلىشى بويىچە قىيامەت كۈنىگىچە داۋاملىق ماڭىسمۇ، دۇئا ئۇنى نىشانغا تەگكۈزمەيدۇ، ئوقنىڭ سۈرئىتى ئاستىلىتىلىدۇ ياكى نىشانغا تەگكەندىمۇ بوشلا تېگىپ قويىدۇ، مانا بۇ تەقدىرنىڭ بىكار قىلىنغانلىقى ئەمەس، بەلكى دۇئانىڭ خاسىيىتى سەۋەبلىك ئاللاھنىڭ مەرھەمىتىگە ئېرىشكەنلىك بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: "ئى ئاللاھ، سەندىن قازا ۋە قەدەرىڭنىڭ ئارقىغا قايتۇرۇلۇشىنى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدا مۇلايىم ۋە مەرھەمەتلىك بولۇشۇڭنى سورايمىز" دېگەن دۇئاسىمۇ بۇ نۇقتىنى روشەن چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ "دۇئا (قازا ۋە قەدەر ئارقىلىق) يۈز بەرگەن ۋە يۈز بەرمىگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن پايدىلىق"

دېگەن ھەدىسمۇ يۇقىرىقى ھەدىسلەرنىڭ
مەزمۇنىنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ. دۇئا
بەندىنىڭ ئاللاھتائالادىن ھاجىتىنى سوراش
مەنىسىدە بولۇپ، كىشى ئاللاھتىن دۇنيا
ۋە ئاخىرەتلىك ھاجەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى
سوراۋەرسە بولىۋېرىدۇ. ئاللاھتائالادىن
ھاجىتىنى سورايدىغان ئادەم ھېچقانداق
ۋاسىتىسىز بىۋاسىتە سورىشى كېرەك.
«قۇرئان كەرىم»دە بايان قىلىنغىنىدەك
ئاللاھتائالا بەندىلىرىگە ئەڭ يېقىندۇر،
ۋاسىتىگە ھاجىتى يوقتۇر. قانداقتۇر
مازار-ماشايىخلاردىن، ئەۋلىيالاردىن،
ئۆلۈغلاردىن ھاجىتىنى سوراشقا، مەدەت
تىلەشكە بولمايدۇ، مۇنداق قىلىش دۇرۇس
ئەمەس. ئەمما ھايات ئادەملەرنىڭ
مەيلى ھازىرى بولسۇن، غايىبى بولسۇن
بىر-بىرىگە دۇئا قىلىپ قويۇشى بىر تۈرلۈك

ياخشى ئىش، تەقۋادار ئادەملەردىن دۇئا قىلىپ قويۇشنى ئۆتۈنۈش ئەلۋەتتە دۇرۇس ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدەك ھايات ئادەملەرنىڭ ئۆلگەن كىشىلەر ھەققىدە قىلغان دۇئاسى ئۇلارغا تېگىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدە نۇرغۇن دۇئالار بار. ئۇلارنىڭ تېكىستلىرىنىڭ لەۋزى ئىخچام، مەزمۇنى مول بولۇپ، "دۇئائى مەئسۇر" دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلارنىڭ مەزمۇنى، چېتىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ بەخت-سائادىتىنى تىلەش، بەختسىزلىكلەردىن پاناھ تىلەش ۋە تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەردە ئوقۇلىدىغان دۇئا قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دۇئالارنى ھۆرمەتلىك ساھابىلىرىگە ئۆگەتكەن ھەمدە ئۇلارنى

تۆرلۈك مۇناسىۋەتلەردە ئوقۇشنى تەرغىب قىلغان. بىز تۆۋەندە ئوقۇرمەنلەرنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن مۇنداق دۇئالارنىڭ خېلى كۆپ بىر قىسمىنى ئەسلى ئەرەبچە تېكىستى بىلەن تەرجىمىسىنى قوشۇپ بەرمەكچىمىز.

بۇ يەردە شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، بەزىلەر مەندىن دۇئا ئايەتلىرىنىڭ ئەسلى ئەرەبچە تېكىستىنى ھازىر قوللىنىلىۋاتقان ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلىپ بېسىلسا ئوقۇشقا ئوڭاي بولىدىغانلىقىنى سورىدى. قۇرئان كەرىم روشەن ئەرەب تىلى بىلەن نازىل قىلىنىپ مۇئەييەن شەكىلدىكى ئەرەب يېزىقى بىلەن يېزىلغان. بۇرۇندىن ھازىرغىچە ئەرەب تىلى بىلەن تىلاۋەت قىلىنىپ، ئەرەب ھەرپى تاۋۇشلىرى بىلەن تەلەپپۇز قىلىنغان ۋە مۇئەييەن

ئەرەب يېزىق شەكلى بىلەن يېزىلغان ئايەتلەرنىلا قۇرئان ئايەتلىرى دېگىلى بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلارنىڭ زامانىدىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر ئىسلام ئۆلىمالىرى قۇرئانغا مۇشۇنداق تەبىر بېرىپ كەلمەكتە. مانا بۇ قۇرئان كەرىمنىڭ ئەسلى ئەرەبچە تېكىستىنى باشقا تىللارنىڭ يېزىقى بىلەن يېزىشنىڭ دۇرۇس بولماسلىقىدىكى سەۋەبتۇر. ھەر بىر تىلنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى بولغىنىدەك، قۇرئان لەفزىلىرىنىڭ ھەرپلىرى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە ئەرەب ھەرپلىرى بولۇپ ئۇنى باشقا تىل ۋە يېزىق بىلەن توغرا تەلەپپۇز قىلغىلى بولمايدۇ. قۇرئان لەفزىلىرىنى توغرا تەلەپپۇز قىلمىغاندا خاتا ئۇقۇم كېلىپ چىقىپ قۇرئاننىڭ مەنىسى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ.

مەسلەن «ضَالِّينَ» دېگەن سۆز زاللىن دەپ يېزىلسا ئەسلى مەنىدىكى ئازغانلار ئەمەس، تېپىلىپ يىقىلىپ چۈشكۈچىلەر دېگەن مەنىدە، «عَابِدٌ» دېگەن سۆز ئابىدۇن دەپ يېزىلسا ئىبادەت قىلغۇچى ئەمەس، ياۋايى، ۋەھشى دېگەن مەنىدە، «صُدُور» دېگەن سۆز سۇدۇر دەپ يېزىلسا دىل ئەمەس چىلان مەنىسىدە بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن قۇرئان «تحريف» قىلىنغان يەنى ئۆزگەرتىلگەن بولىدۇ. يۇقىرىقى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قۇرئاننىڭ ئەسلى تېكىستىنى ئەرەبچىدىن باشقا يېزىقلار بىلەن يېزىشقا بولمايدۇ.

# دۇئالاردىن تاللانما

دۇئا قىلىشتىن بۇرۇن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئېيتىشنىڭ دۇئانىڭ قوبۇل بولۇشى شەرتلىرىدىن ئىكەنلىكىنى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەنىدۇق، چۈنكى ئالدى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئېيتىپ، ئاندىن دۇئا قىلىش دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشىدا تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «قىلىنغان دۇئا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا

دۇرۇت ئېيتمىغۇچە ئاسمانغا ئۆرلىمەي،
زېمىن بىلەن ئاسمان ئارىسىدا مۇئەللەق
تۇرىدۇ ». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ
بىر ھەدىسىدىمۇ مۇنداق دېيىلگەن:
« ماڭا دۇئانىڭ ئالدىدىمۇ، ئوتتۇرىسىدىمۇ،
ئاخىرىسىدىمۇ دۇرۇت ئېيتىڭلار ».

« دۇرۇت » پارسچە سۆز بولۇپ،
رەھمەت، دۇئا، مەدھىيە، سالام دېگەن
مەنىلەردە كېلىدۇ. بۇ يەردىكى دۇرۇتنىڭ
مەنىسى ئاللاھتائالادىن پەيغەمبەر
ئەلەيھىسسالامغا رەھمەت قىلىشنى، ئۇنىڭ
دەرىجىسىنى، شەنىنى (شان-شەرىپىنى)
ئۈستۈن ۋە ئۇلۇغ قىلىشنى تىلەشنى
كۆرسىتىدۇ.

دۇرۇت ئېيتىشنىڭ رەۋىشىگە (يوسۇنىغا) كەلسەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «دۇئادا تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ماڭا مۇنداق دۇرۇت ئېيتىڭلار» دېگەن:

اَللّٰهُمَّ صَلِّ عَلَى مُحَمَّدٍ وَعَلَى اٰلِ مُحَمَّدٍ كَمَا صَلَّيْتَ عَلَى اِبْرَاهِيمَ وَعَلَى اٰلِ اِبْرَاهِيمَ اِنَّكَ حَمِيدٌ مَجِيدٌ اَللّٰهُمَّ بَارِكْ عَلَى مُحَمَّدٍ وَعَلَى اٰلِ مُحَمَّدٍ كَمَا بَارَكْتَ عَلَى اِبْرَاهِيمَ وَعَلَى اٰلِ اِبْرَاهِيمَ اِنَّكَ حَمِيدٌ مَجِيدٌ

تەرجىمىسى: ئى ئاللاھ! مۇھەممەدكە ۋە مۇھەممەدنىڭ جەمەتىگە (خۇددى ئىبراھىم ۋە ئىبراھىمنىڭ جەمەتىگە رەھمەت قىلغاندەك رەھمەت قىلغىن، سەن

ھەقىقەتەن مەدھىيىگە لايىقسەن، ئۇلۇغسەن.
ئى ئاللاھ! مۇھەممەدكە ۋە مۇھەممەدنىڭ
جەمەتىگە (خۇددى) ئىبراھىمغا ۋە
ئىبراھىمنىڭ جەمەتىگە بەخت ئاتا قىلغاندەك
بەخت ئاتا قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن
مەدھىيىگە لايىقسەن، ئۇلۇغسەن.
(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ
ھەدىسلىرىدە دۇئانى ئىسمى ئەزەم
(ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسمى) بىلەن باشلاشنىڭ
خاسىيەتلىك ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان).

سُبْحَانَ رَبِّيَ الْعَلِيِّ الْأَعْلَى الْوَهَّاب

تەرجىمىسى: يۈكسەك، ئەڭ ئالىي،

كۆپ ئاتا قىلغۇچى پەرۋەردىگارىم پاكتۇر.

(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىلماقچى بولغان دۇئاسىنى مۇنشۇ سۆز بىلەن باشلايتتى).

يَا ذَا الْجَلَالِ وَالْاِكْرَامِ

تەرجىمىسى: ئى ئەزىمەتلىك ۋە كەرەملىك زات...

(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «دۇئايىڭلارنى يازەلجالالى ۋەلئىكرام دېگەن سۆز بىلەن باشلاڭلار» دېگەن)

قُلِ اللّٰهُمَّ مَالِكَ اْلمُلْكِ تُؤْتِي الْمُلْكَ مَنْ تَشَاءُ وَتَنْزِعُ الْمُلْكَ مِمَّنْ تَشَاءُ وَتُعِزُّمَنْ

تَشَاءُ وُتُذِلُّ مَنْ تَشَاءُ بِيَدِكَ الْخَيْرُ اِنَّكَ عَلَى كُلِّ شَىْءٍ قَدِيرٌ"

تەرجىمىسى: ئېيتقىنكى، پادىشاھلىقنىڭ ئىگىسى بولغان ئى ئاللاھ! خالىغان ئادەمگە پادىشاھلىقنى بېرىسەن، خالىغان ئادەمدىن پادىشاھلىقنى تارتىۋالىسەن. خالىغان ئادەمنى ئەزىز قىلىسەن، خالىغان ئادەمنى خار قىلىسەن. ھەممە ياخشىلىق (نىڭ خەزىنىسى يالغۇز) سېنىڭ قولۇڭدىدۇر، سەن ھەقىقەتەن ھەممىگە قادىرسەن.

(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىشى دۇئا قىلسا ئىجابەت بولىدىغان ئىسمى ئەزەم مۇشۇ ئايەتتەدۇر» دېگەن).

اَللّٰهُمَّ إِنِّى أَسْأَلُكَ بِأَنِّي أَشْهَدُ أَنَّكَ أَنْتَ اللّٰهُ لاَ اِلٰهَ اِلاَّ أَنْتَ اْلاَحَدُ الصَّمَدُ الَّذِي لَمْ يَلِدْ وَلَمْ يُولَدْ وَلَمْ يَكُنْ لَهُ كُفُواً أَحَدٌ

تەرجىمىسى: ئى ئاللاھ! مەن ھەقىقەتەن سەن بىلەن سورايمەنكى، سەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ بىردۇر، ئاللاھقا ھەممە موھتاجدۇر، ئۇنىڭ ئەۋلادى بولغان ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس ۋە ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش ئەمەس.

(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئادەمنىڭ مۇشۇنداق دۇئا قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ: «سەن كىشى سورىسا ئاللاھ

بېرىدىغان، دۇئا قىلسا ئىجابەت بولىدىغان ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇپ سورىدۇڭ » دېگەن) .

تۆۋەندە ئالدى بىلەن « قۇرئان كەرىم »دىن ئېلىنغان ئومۇمىي دۇئالارنى، ئاندىن ھەدىس شەرىپتىن ئېلىنغان ئومۇمىي دۇئالارنى ۋە ئاندىن مەخسۇس ۋاقىت ۋە جايلاردا ئوقۇلىدىغان خاس دۇئالارنى بېرىمىز .

## بىرىنچى، « قۇرئان كەرىم »دىن ئېلىنغان ئومۇمىي دۇئالار

رَبِّ أَوْزِعْنِي أَنْ أَشْكُرَ نِعْمَتَكَ الَّتِي

أَنْعَمْتَ عَلَيَّ وَعَلَى وَالِدَيَّ وَأَنْ أَعْمَلَ صَالِحًا تَرْضَاهُ وَأَصْلِحْ لِي فِي ذُرِّيَّتِي إِنِّي تُبْتُ إِلَيْكَ وَإِنِّي مِنَ الْمُسْلِمِينَ

تەرجىمىسى: پەرۋەردىگارىم! سېنىڭ ماڭا ۋە ئاتا-ئانامغا بەرگەن نېمىتىڭگە شۈكۈر قىلىشنى ۋە سەن رازى بولىدىغان ياخشى ئىشنى قىلىشىمنى ماڭا ئىلھام قىلغىن، مەن ئۈچۈن مېنىڭ ئەۋلادىمنى تۈزىگىن (يەنى مېنىڭ ئەۋلادىمنى ياخشى ئادەملەردىن قىلغىن)، مەن ھەقىقەتەن ساڭا (جىمى گۇناھلاردىن) تەۋبە قىلدىم، مەن ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلاردىندۇرمەن (27-سۈرە نەمل، 19-ئايەتنىڭ بىر

قىسمى) .

رَبِّ أَعُوذُبِكَ مِنْ هَمَزَاتِ الشَّيَاطِينِ وَأَعُوذُبِكَ رَبِّ أَنْ يَحْضُرُونِ

تەرجىمىسى: پەرۋەردىگارىم! ساڭا شەيتانلارنىڭ ۋەسۋەسىلىرىدىن پاناھ تىلەيمەن، پەرۋەردىگارىم! ساڭا شەيتانلارنىڭ ماڭا ھەمراھ بولۇشىدىن پاناھ تىلەيمەن (23-سۈرە مۆئمىنۇن، 98 — 97 -ئايەتلەر) .

رَبِّ اغْفِرْلِى وَلِوَالِدَىَّ وَلِمَنْ دَخَلَ بَيْتِىَ مُؤْمِنًا وَلِلْمُؤْمِنِينَ وَالْمُؤْمِنَاتِ

تەرجىمىسى: پەرۋەردىگارىم! ماڭا، ئاتا-ئانامغا، مېنىڭ ئۆيۈمگە مۆمىن بولۇپ

كىرگەن كىشىگە ۋە مۆمىن ئەرلەرگە، مۆمىن ئاياللارغا مەغپىرەت قىلغىن (71-سۈرە نۇھ، 28-ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

رَبِّ إِنِّي ظَلَمْتُ نَفْسِي فَاغْفِرْلِي

تەرجىمىسى:

پەرۋەردىگارىم! مەن ھەقىقەتەن ئۆزۈمگە زۇلۇم قىلدىم، ماڭا مەغپىرەت قىلغىن (28-سۈرە قەسەس، 16-ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

رَبِّ اغْفِرْ وَارْحَمْ وَأَنْتَ خَيْرُ الرَّاحِمِينَ

تەرجىمىسى: پەرۋەردىگارىم! مەغپىرەت قىلغىن، رەھىم قىلغىن، سەن رەھىم قىلغۇچىلارنىڭ ياخشىسەن (23-سۈرە

مۆئمىنۇن، 118 ـ ئايەت) .

رَبِّ زِدْنِي عِلْمًا

تەرجىمىسى: ئى پەرۋەردىگارىم! ئىلمىمنى زىيادە قىلغىن! (20 ـ سۈرە تاھا، 114 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) .

رَبِّ أَنْتَ وَلِيِّ فِي الدُّنْيَا وَالْآخِرَةِ تَوَفَّنِي مُسْلِماً وَ أَلْحِقْنِي بِالصَّالِحِيْنَ

تەرجىمىسى: پەرۋەردىگارىم! دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مېنىڭ ئىگەمسەن، مېنى مۇسۇلمان پېتىمچە قەبزى روھ قىلغىن، مېنى ياخشى بەندىلەر قاتارىدا قىلغىن (12 ـ سۈرە يۇسۇف، 101 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) .

رَبِّ لَاتَذَرْنِي فَرْدًا وَأَنْتَ خَيْرُ الْوَارِثِينَ

تەرجىمىسى: ئى پەرۋەردىگارىم! مېنى (بالىسىز، ۋارىسسىز) يالغۇز قويمىساڭ، سەن ئەڭ ياخشى ۋارىستۇرسەن (يەنى ھەممە ئادەم ئۆلىدۇ، سەنلا باقىي قالىسەن) (21-سۈرە ئەنبىيا، 89-ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

رَبِّ هَبْ لِي حُكْمًا وَأَلْحِقْنِي بِالصَّالِحِيْنَ وَاجْعَلْ لِي لِسَانَ صِدْقٍ فِي الْآخِرِينَ وَاجْعَلْنِي مِنْ وَرَثَةِ جَنَّةِ النَّعِيمِ وَلَا تُخْزِنِي يَوْمَ يُبْعَثُونَ

تەرجىمىسى: پەرۋەردىگارىم! ماڭا ئىلىم-ھېكمەت ئاتا قىلغىن، مېنى ياخشىلارغا قوشقىن. كېيىنكىلەر ئارىسىدا ياخشى

نامىنى قالدۇرغىن. مېنى نازۇ-نېمەتلىك جەننەتنىڭ ۋارىسلىرىدىن قىلغىن. ئۇلار (يەنى خالايىقلار) (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) تىرىلدۈرۈلىدىغان كۈندە مېنى رەسۋا قىلمىغىن (26-سۈرە شۇئەرا، 83-، 84-، 85-، 87-ئايەتلەر).

رَبِّ اجْعَلْ هَذَا الْبَلَدَ آمِنًا وَاجْنُبْنِي وَبَنِيَّ أَنْ نَعْبُدَ الْأَصْنَامَ

تەرجىمىسى: پەرۋەردىگارىم! بۇ جاينى (يەنى مەككىنى) تىنچ (جاي) قىلىپ بەرگىن، مېنى ۋە مېنىڭ ئەۋلادلىرىمنى بۇتلارغا چوقۇنۇشتىن يىراق قىلغىن (14-سۈرە ئىبراھىم، 35-ئايەت).

رَبِّ أَنْزِلْنِي مُنْزَلاً مُبَارَكًا وَأَنْتَ خَيْرُ الْمُنْزِلِينَ

تەرجىمىسى: ئى پەرۋەردىگارىم! مېنى مۇبارەك مەنزىلگە چۈشۈرگىن، سەن (دوستلىرىڭنى) ئەڭ ياخشى ئورۇنلاشتۇرغۇچىسەن (23-سۈرە مۆئمىنۇن، 29-ئايەت).

رَبِّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ أَنْ أَسْئَلَكَ مَالَيْسَ لِي بِهِ عِلْمٌ وَإِلاَّ تَغْفِرْلِي وَتَرْحَمْنِي أَكُنْ مِنَ الْخَاسِرِيْنَ

تەرجىمىسى: پەرۋەردىگارىم! مەن بىلمىگەن نەرسىنى سوراشتىن سېنىڭ پاناھىڭغا سېغىنىمەن، ئەگەر ماڭا

مەغپىرەت قىلمساڭ ۋە رەھىم قىلمساڭ، زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمەن (11-سۈرە هۇد، 47-ئايەت).

رَبِّ اجْعَلْنِي مُقِيمَ الصَّلاَةِ وَمِنْ ذُرِّيَّتِي رَبَّنَا وَتَقَبَّلْ دُعَاءِ

تەرجىمىسى: پەرۋەردىگارىم! مېنى ۋە بىر قىسىم ئەۋلادىمنى نامازنى ئادا قىلغۇچى قىلغىن، پەرۋەردىگارىمىز! دۇئايىمنى قوبۇل قىلغىن (14-سۈرە ئىبراھىم 40-ئايەت).

رَبِّ أَوْزِعْنِي أَنْ أَشْكُرَ نِعْمَتَكَ الَّتِي أَنْعَمْتَ عَلَيَّ وَعَلَى وَالِدَيَّ وَأَنْ أَعْمَلَ صَالِحًا تَرْضَاهُ وَأَدْخِلْنِي بِرَحْمَتِكَ فِي عِبَادِكَ الصَّالِحِينَ

تەرجىمىسى: پەرۋەردىگارىم! سەن مېنى ماڭا ۋە ئاتا-ئانامغا بەرگەن نېمىتىڭگە شۈكۈر قىلىشقا، سەن رازى بولىدىغان ياخشى ئەمەلنى قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلغىن، رەھمىتىڭ بىلەن مېنى ياخشى بەندىلىرىڭ قاتارىغا كىرگۈزگىن (27-سۈرە نەمل، 19-ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

رَبِّ هَبْ لِي مِنْ لَدُنْكَ ذُرِّيَّةً طَيِّبَةً اِنَّكَ سَمِيْعُ الدُّعَاءِ

تەرجىمىسى: ئى پەرۋەردىگارىم! ماڭا ئۆز دەرگاھىڭدىن بىر ياخشى پەرزەنت ئاتا قىلغىن، ھەقىقەتەن دۇئانى ئىشتكۈچىسەن (3-سۈرە ئال ئىمران، 38-ئايەت).

رَبِّ اغْفِرْلِي وَلِاَخِي وَ اَدْخِلْنَا فِي رَحْمَتِكَ وَأَنْتَ اَرْحَمُ الرَّاحِمِيْنَ

تەرجىمىسى: پەرۋەردىگارىم! ماڭا ۋە مېنىڭ قېرىندىشىمغا مەغپىرەت قىلغىن، بىزنى رەھمىتىڭ دائىرىسىگە كىرگۈزگىن، سەن ئەڭ رەھىم قىلغۇچى زاتتۇرسەن

(7-سۈرە ئەئراف، 151-ئايەت)

رَبَّنَا اغْفِرْلِي وَلِوَالِدَيَّ وَلِلْمُؤْمِنِينَ يَوْمَ يَقُومُ الْحِسَابُ

تەرجىمىسى: پەرۋەردىگارىمىز! ھېساب ئالىدىغان كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) ماڭا، ئاتا-ئانامغا مۆمىنلەرگە مەغپىرەت

قىلغىن (14-سۈرە ئىبراھىم، 41-ئايەت).

فَاغْفِرْ لَنَا ذُنُوبَنَا وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ

**تەرجىمىسى:** پەرۋەردىگارىمىز! بىز شۈبھىسىز ئىمان ئېيتتۇق، بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن (3-سۈرە ئال ئىمران، 16-ئايەت).

رَبَّنَا اصْرِفْ عَنَّا عَذَابَ جَهَنَّمَ إِنَّ عَذَابَهَا كَانَ غَرَامًا * إِنَّهَا سَاءَتْ مُسْتَقَرًّا وَمُقَامًا

**تەرجىمىسى:** پەرۋەردىگارىمىز! بىزدىن جەھەننەم ئازابىنى دەپئى قىلغىن، جەھەننەمنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن

(سىنىڭ دۈشمەنلىرىڭدىن) ئايرىلمايدۇ. جەھەننەم ھەقىقەتەن يامان قارارگاھتۇر، يامان جايدۇر (25-سۈرە فۇرقان، 65-66-ئايەتلەر).

رَبَّنَا اٰمَنَّا بِمَا أَنْزَلْتَ وَاتَّبَعْنَا الرَّسُولَ فَاكْتُبْنَا مَعَ الشَّاهِدِيْنَ

**تەرجىمىسى:** پەرۋەردىگارىمىز! سەن نازىل قىلغان كىتابقا ئىشەندۇق، پەيغەمبەرگە ئەگەشتۇق، بىزنى (ھىدايىتىڭگە) شاھىت بولغانلار قاتارىدا قىلغىن (3-سۈرە ئال ئىمران، 53-ئايەت).

رَبَّنَا اٰتِنَا فِي الدُّنْيَا حَسَنَةً وَفِي الْاٰخِرَةِ حَسَنَةً وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ

**تەرجىمىسى:** پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن (2-سۈرە بەقەرە، 201-ئايەت).

رَبَّنَا تَقَبَّلْ مِنَّا إِنَّكَ أَنْتَ السَّمِيْعُ الْعَلِيمُ

**تەرجىمىسى:** پەرۋەردىگارىمىز! بىزنىڭ (خىزمىتىمىزنى) قوبۇل قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن (دۇئايىمىزنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن، (نىيىتىمىزنى) بىلىپ تۇرغۇچىسەن (2 - سۈرە بەقەرە 127 - ئايەت).

رَبَّناَ ظَلَمْنَا أَنْفُسَناَ وَاِنْ لَّمْ تَغْفِرْ لَنَا

**وَتَرْحَمْنَا لَنَكُونَنَّ مِنَ الْخٰسِرِينَ**

**تەرجىمىسى:** پەرۋەردىگارىمىز! بىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زۇلۇم قىلدۇق، ئەگەر سەن بىزگە مەغپىرەت قىلمىساڭ، بىزگە رەھىم قىلمىساڭ، بىز چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمىز (7-سۈرە ئەئراف، 23-ئايەت).

**رَبَّنَا اٰتِنَامِنْ لَّدُنْكَ رَحْمَةً وَهَيِّئْ لَنَا مِنْ أَمْرِنَا رَشَدًا**

**تەرجىمىسى:** پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە رەھمەت خەزىنىلىرىڭدىن ئاتا قىلغىن، بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنى تۈزەپ، بىزنى ھىدايەت تاپقۇچىلاردىن قىلغىن (18-سۈرە كەھف،

10 ـ ئايەت) .

رَبَّنَا لاَ تُؤَاخِذْنَا إِنْ نَسِينَا أَوْ أَخْطَأْنَا، رَبَّنَاوَلاَ تَحْمِلْ عَلَيْنَا إِصْراً كَمَا حَمَلْتَهُ عَلَى الَّذِينَ مِنْ قَبْلِنَا

تەرجىمىسى : ...پەرۋەردىگارىمىز ! ئەگەر بىز ئۇنتۇساق ياكى خاتالاشساق (يەنى بىز ئۇنتۇش ياكى سەۋەنلىك سەۋەبىدىن ئەمرىڭنى تولۇق ئورۇنلىيالمىساق) ، بىزنى جازاغا تارتمىغىن. پەۋەردىگارىمىز! بىزدىن ئىلگىرىكىلەرگە يۈكلىگىنىڭگە ئوخشاش بىزگە ئېغىر يۈك يۈكلىمىگىن (يەنى بىزنى قىيىن ئىشلارغا تەكلىپ قىلمىغىن) ... (2 ـ سۈرە بەقەرە ،

286 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) .

رَبَّنَا وَآتِنَا مَا وَعَدْتَنَا عَلَى رُسُلِكَ وَلاَ تُخْزِنَا يَوْمَ الْقِيَامَةِ اِنَّكَ لاَتُخْلِفُ الْمِيْعَادَ

**تەرجىمىسى:** پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە پەيغەمبەرلىرىڭ ئارقىلىق ۋەدە قىلغان نەرسىنى (يەنى ئىتائەت قىلغانلارغا خاس بولغان جەننەتنى) بەرگىن، قىيامەت كۈنى بىزنى رەسۋا قىلمىغىن، سەن ھەقىقەتەن ۋەدەڭگە خىلاپلىق قىلمايسەن

(3 ـ سۈرە ئال ئىمران 194 ـ ئايەت)

رَبَّنَا لاَ تُزِغْ قُلُوبَنَا بَعْدَ اِذْ هَدَيْتَنَا وَهَبْ لَنَا مِنْ لَدُنْكَ رَحْمَةً إِنَّكَ أَنْتَ الْوَهَّابُ

**تەرجىمىسى:** پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى

ھىدايەت قىلغىنىڭدىن كېيىن دىللىرىمىزنى توغرا يولدىن بۇرۇۋەتمىگىن، بىزگە دەرگاھىڭدىن رەھمەت بېغىشلىغىن. شۈبھىسىزكى، سەن (بەندىلىرىڭگە ئاتالارنى) بەكمۇ بېغىشلىغۇچىسەن (3-سۈرە ئال ئىمران، 8-ئايەت).

رَبَّنَا هَبْ لَنَامِنْ أَزْوَاجِنَا وَذُرِّيَّاتِنَا قُرَّةَ أَعْيُنٍ وَاجْعَلْنَا لِلْمُتَّقِينَ اِمَامًا

**تەرجىمىسى:** ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ئاياللىرىمىز ۋە ئەۋلادلىرىمىز ئارقىلىق شادلىق بېغىشلىشىڭنى (يەنى بىزگە ساڭا ئىتائەتمەن پەرزەنت ئاتا قىلىشىڭنى)

تىلەيمىز، بىزنى تەقۋادارلارنىڭ پېشۋاسى (يەنى تەقۋادارلارنىڭ نەمۇنىسى، ياخشىلىققا دەۋەت قىلغۇچى) قىلغىن (25-سۈرە فۇرقان، 74-ئايەت).

رَبَّنَا اغْفِرْ لَنَا وَلِإِخْوَانِنَا الَّذِينَ سَبَقُونَا بِالْإِيْمَانِ وَلَا تَجْعَلْ فِي قُلُوبِنَا غِلًّا لِلَّذِينَ آمَنُوا رَبَّنَا إِنَّكَ رَءُوفٌ رَحِيمٌ

تەرجىمىسى: پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ۋە بىزدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان قېرىنداشلىرىمىزغا مەغپىرەت قىلغىن، دىللىرىمىزدا مۆمىنلەرگە قارشى دۈشمەنلىك پەيدا قىلمىغىن، پەرۋەردىگارىمىز! سەن

ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىسەن، مېھرىبانسەن (59-سۈرە ھەشر، 10-ئايەت).

رَبَّنَا عَلَيْكَ تَوَكَّلْنَا وَإِلَيْكَ أَنَبْنَا وَإِلَيْكَ الْمَصِيرُ

تەرجىمىسى: پەرۋەردىگارىمىز! ساڭا تەۋەككۇل قىلدۇق، ساڭا قايتتۇق، ئاخىر قايتىدىغان جاي سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر (60-سۈرە مۇمتەھىنە، 4-ئايەت).

رَبَّنَا أَتْمِمْ لَنَا نُورَنَا وَاغْفِرْ لَنَا إِنَّكَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ

تەرجىمىسى: ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە نۇرىمىزنى مۇكەممەللەشتۇرۇپ

بەرگىن، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، سەن بولساڭ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىرسەن (66-سۈرە تەھرىم، 8-ئايەت).

رَبَّنَا مَا خَلَقْتَ هٰذَا بَاطِلاً سُبْحٰنَكَ فَقِنَا عَذَابَ النَّارِ * رَبَّنَا إِنَّكَ مَنْ تُدْخِلِ النَّارَ فَقَدْ أَخْزَيْتَهُ وَمَا لِلظَّالِمِينَ مِنْ أَنْصَارٍ * رَبَّنَا اِنَّنَا سَمِعْنَا مُنَادِيًا يُنَادِي لِلْإِيْمَانِ أَنْ اٰمِنُواْ بِرَبِّكُمْ فَاٰمَنَّا رَبَّنَا فَاغْفِرْ لَنَا ذُنُوبَنَا وَكَفِّرْ عَنَّا سَيِّئَاتِنَا وَتَوَفَّنَامَعَ الْأَبْرَارِ * رَبَّنَا وَاٰتِنَا مَا وَعَدْتَّنَا عَلَى رُسُلِكَ وَلاَ تُخْزِنَا يَوْمَ الْقِيٰمَةِ إِنَّكَ لاَتُخْلِفُ الْمِيْعَادَ

تەرجىمىسى: پەرۋەردىگارىمىز! بۇنى

بىكار ياراتمىدىڭ. سەن پاكتۇرسەن،
بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن.
پەرۋەردىگارىمىز! سەن كىمنىكى دوزاخقا
كىرگۈزىدىكەنسەن، ئۇنى ئەلۋەتتە خار
قىلغان بولسەن. زالىملارغا ھېچقانداق
ياردەمچى بولمايدۇ. پەرۋەردىگارىمىز!
بىز ھەقىقەتەن بىر چاقىرغۇچىنىڭ (يەنى
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ) «رەببىڭلارغا
ئىمان ئېيتىڭلار »دەپ ئىمانغا چاقىرغانلىقىنى
ئاڭلىدۇق، ئىمان ئېيتتۇق. پەرۋەردىگارىمىز!
بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن،
يامانلىقلىرىمىزنى يوققا چىقارغىن، بىزنى

ياخشىلارنىڭ قاتارىدا قەبزى روھ قىلغىن.
پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە پەيغەمبەرلىرىڭ
ئارقىلىق ۋەدە قىلغان نەرسىنى (يەنى
ئىتائەت قىلغانلارغا خاس بولغان (جەننەتنى)
بەرگىن، قىيامەت كۈنى بىزنى رەسۋا
قىلمىغىن. سەن ھەقىقەتەن ۋەدەڭگە
خىلاپلىق قىلمايسەن (3-سۈرە ئال ئىمران،
191-، 192-، 193-، 194-ئايەتلەر).

رَبَّنَا اٰمَنَّا فَاكْتُبْنَا مَعَ الشّٰهِدِينَ

تەرجىمىسى: رەببىمىز، بىز ئىمان
ئېيتتۇق، بىزنى (پەيغەمبىرىڭنى، كىتابىڭنى)
ئېتىراپ قىلغۇچىلار قاتارىدا قىلغىن (5-سۈرە
مائىدە، 83-ئايەت).

رَبَّنَا آمَنَّا فَاغْفِرْ لَنَا وَارْحَمْنا وَأَنْتَ خَيْرُ الرَّاحِمِينَ

تەرجىمىسى: پەرۋەردىگارىمىز! بىز ئىمان ئېيتتۇق، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، بىزگە رەھمەت قىلغىن، سەن بولساڭ ئەڭ رەھىم قىلغۇچىسەن (23-سۈرە مۆئمىنۇن، 109-ئايەت).

رَبَّنَا إِنَّكَ تَعْلَمُ مَانُخْفِي وَمَانُعْلِنُ وَمَايَخْفَى عَلَى اللّٰهِ مِنْ شَيْءٍ فِي الْاَرْضِ وَلَافِي السَّمَاءِ

تەرجىمىسى: پەرۋەردىگارىمىز! سەن بىزنىڭ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا قىلغانلىرىمىزنى بىلىپ تۇرىسەن، ئاسمان-زېمىندىكى

ھېچقانداق نەرسە ئاللاھقا مەخپىي ئەمەس (14-سۈرە ئىبراھىم، 38-ئايەت).

رَبَّنَا افْتَحْ بَيْنَنَا وَبَيْنَ قَوْمِنَا بِالْحَقِّ وَأَنْتَ خَيْرُ الْفَاتِحِينَ

**تەرجىمىسى:** پەرۋەردىگارىمىز! بىز بىلەن قەۋمىمىزنىڭ ئارىسىدا ھەق ھۆكۈم چىقارغىن، سەن ھۆكۈم چىقارغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇرسەن (7-سۈرە ئەئراف، 89-ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

رَبَّنَا اَفْرِغْ عَلَيْنَا صَبْرًا وَتَوَفَّنَا مُسْلِمِينَ

**تەرجىمىسى:** پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە سەۋر ئاتا قىلغىن، بىزنى مۇسۇلمان پېتىمىزچە قەبزى روھ قىلغىن (7-سۈرە

ئەئراف، 126-ئايەتنىڭ بىر قىسمى) .

رَبَّنَااكْشِفْ عَنَّا الْعَذَابَ إِنَّامُؤْمِنُوْنَ

**تەرجىمىسى:** پەرۋەردىگارىمىز! بىزدىن ئازابنى كۆتۈرۈۋەتكىن، بىز ھەقىقەتەن ئىمان كەلتۈرگۈچىدۇرمىز (44-سۈرە دۇخان، 12-ئايەت) .

رَبَّنَاوَسِعْتَ كُلَّ شَىْءٍ رَحْمَةً وَعِلْمًافَاغْفِرْ لِلَّذِيْنَ تَابُوا وَاتَّبَعُوا سَبِيْلَكَ وَقِهِمْ عَذَابَ الْجَحِيْمِ

**تەرجىمىسى:** پەرۋەردىگارىمىز! سېنىڭ رەھمىتىڭ ۋە ئىلمىڭ ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، تەۋبە قىلغانلارغا ۋە

سىنىڭ يولۇڭغا ئەگەشكەنلەرگە مەغپىرەت قىلغىن، ئۇلارنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن (40 - سۈرە غافىر، 7 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

رَبَّنَا وَأَدْخِلْهُمْ جَنَّتِ عَدْنِ الَّتِي وَعَدْتَّهُمْ وَمَنْ صَلَحَ مِنْ اٰبَائِهِمْ وَأَزْوَاجِهِمْ وَذُرِّيَّتِهِمْ إِنَّكَ أَنْتَ الْعَزِيْزُالْحَكِيْمُ

**تەرجىمىسى:** پەرۋەردىگارىمىز! سەن ئۇلارنى، ئۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىدىن، ئاياللىرىدىن، ئەۋلادلىرىدىن ياخشى بولغانلارنى ئۇلارغا ۋەدە قىلغان مەڭگۈلۈك جەننەتكە كىرگۈزگىن، سەن ھەقىقەتەن غالىبسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن (40 - سۈرە غافىر، 8 - ئايەت).

## ئىككىنچى، ھەدىس شەرىپتىن ئېلىنغان ئومۇمىي دۇئالار

لَاإِلٰهَ إِلاَّ اللّٰهُ وَحْدَهُ لَاشَرِيْكَ لَهُ لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَىْءٍ قَدِيْرٌ" اَللّٰهُمَّ لَامَانِعَ لِمَا أَعْطَيْتَ وَلاَ مُعْطِيَ لِمَامَنَعْتَ وَلاَ يَنْفَعُ ذَاالْجَدِّ مِنْكَ الْجَدُّ

**تەرجىمىسى:** يالغۇز بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوق، ئاللاھنىڭ شېرىكى يوق، بارلىق سەلتەنەت ئاللاھقا مەنسۇپ، جىمى مەدھىيە ئاللاھقا مەنسۇپ، ئاللاھنىڭ ھەممە نەرسىگە قۇدرىتى يېتىدۇ. ئى ئاللاھ! سەن

بەرگەن نەرسىگە ھېچكىم توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ، سەن بەرمىگەن نەرسىنى ھېچكىم بېرەلمەيدۇ، سېنىڭ ئالدىڭدا بايلارنىڭ بايلىقى ئەسقاتمايدۇ.

(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ دۇئانى ھەر پەرز نامازنىڭ ئارقىسىدا ئوقۇيتتى).

**اَللّٰهُمَّ إِنِّي ظَلَمْتُ نَفْسِي ظُلْماً كَثِيراً وَلاَ يَغْفِرُ الذُّنُوبَ إِلاَّ أَنْتَ فَاغْفِرْ لِي مَغْفِرَةً مِنْ عِنْدِكَ وَارْحَمْنِي إِنَّكَ أَنْتَ الْغَفُورُ الرَّحِيمُ**

تەرجىمىسى: ئى ئاللاھ! مەن ئۆزۈمگە كۆپ زۇلۇم قىلدىم، گۇناھلارنى سەنلا مەغپىرەت قىلىسەن، مەرھەمەت قىلىپ ماڭا كەڭ مەغپىرەت ۋە رەھىم قىلغىن،

سەن ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى ۋە كۆيۈنگۈچىدۇرسەن.

(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، بۇ دۇئانى نامازدا ئوقۇڭلار، دەيتتى).

اَللّٰهُمَّ إِنِّى أَسْأَلُكَ الْمُعَافَاةَ فِى الدُّنْيَا وَالْاٰخِرَةِ

**تەرجىمىسى:** ئى ئاللاھ! دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە سەندىن ئامانلىق تىلەيمەن.

اَللّٰهُمَّ اهْدِنِي وَسَدِّدْنِي، اَللّٰهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ الْهُدَى وَالسَّدَادَ

**تەرجىمىسى:** ئى ئاللاھ! مېنى ھىدايەت قىلغىن ۋە توغرا ئادەم قىلغىن. ئى ئاللاھ! سەندىن ھىدايەتنى ۋە توغرىلىقنى

تىلەيمەن.

اَللّٰهُمَّ أَلْهِمْنِي رُشْدِي وَأَعِذْنِي مِنْ شَرِّ نَفْسِي

**تەرجىمىسى:** ئى ئاللاھ! ھەق يولدا چىڭ تۇرۇشۇمنى مېنىڭ كۆڭلۈمگە سالغىن، نەپسىمنىڭ يامانلىقىدىن مېنى ساقلىغىن.

اَللّٰهُمَّ أَعِنِّي عَلَى ذِكْرِكَ وَشُكْرِكَ وَحُسْنِ عِبَادَتِكَ

**تەرجىمىسى:** ئى ئاللاھ! سېنى زىكرى قىلىشىمغا، ساڭا شۈكۈر قىلىشىمغا ۋە ساڭا ئوبدان قۇللۇق قىلىشىمغا يار-يۆلەك بولغايسەن.

(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ دۇئانى

ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرىدىغان ساھابىسى ھەزرىتى مۇئازغا ھەر نامازنىڭ كەينىدە ئوقۇشنى تەۋسىيە قىلغان.)

اَللّٰهُمَّ اغْفِرْلِى وَارْحَمْنِي وَاهْدِنِى وَعَافِنِى وَارْزُقْنِى

**تەرجىمىسى:** ئى ئاللاھ! مېنى مەغپىرەت قىلغىن، ماڭا رەھىم قىلغىن، مېنى ھىدايەت قىلغىن، مېنى سالامەت قىلغىن ۋە ماڭا رىزىق بەرگىن.

رَبِّ اغْفِرْلِى خَطِيئَتِى وَجَهْلِى وَإِسْرَافِى فِى أَمْرِى كُلِّهِ وَمَا أَنْتَ أَعْلَمُ بِهِ مِنِّي اَللّٰهُمَّ اغْفِرْلِى خَطَايَاىَ وَعَمْدِى وَجَهْلِى وَهَزْلِى وَكُلُّ ذَلِكَ عِنْدِي اَللّٰهُمَّ اغْفِرْلِى مَاقَدَّمْتُ

وَمَا أَخَّرْتُ وَمَا أَسْرَرْتُ وَمَا أَعْلَنْتُ أَنْتَ الْمُقَدِّمُ وَأَنْتَ الْمُؤَخِّرُ وَأَنْتَ عَلَى كُلِّ شَىْءٍ قَدِيرٌ

**تەرجىمىسى:** رەببىم، مېنىڭ گۇناھىمنى، نادانلىقىمنى ۋە ئىشىمدا ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىمنى ۋە سەن مەندىنمۇ ياخشىراق بىلىدىغان گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن. ئى ئاللاھ! مېنىڭ قەستەن، بىلمەستىن، بىلىپ تۇرۇپ، چاقچاق يوسۇندا قىلىپ تاشلىغان گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مەندە تېپىلىدۇ. ئى ئاللاھ! ئىلگىرى ۋە كېيىن قىلغان گۇناھلىرىمنى، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا قىلغان

گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، خالىغان بەندەڭنى رەھمىتىڭگە بالدۇر ئېرىشتۈرسەن، خالىغان بەندەڭنى رەھمىتىڭگە كېيىن ئېرىشتۈرسەن، سەن ھەممىگە قادىرسەن.

(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەمىشە بۇ دۇئانى ئوقۇپ دۇئا قىلاتتى).

اَللّٰهُمَّ اغْفِرْلِى ذَنْبِى وَ وَسِّعْ لِي فِى دَارِى وَبَارِكْ لِى فِى رِزْقِى

تەرجىمىسى: ئى ئاللاھ! گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغىن، ھويلامنى كەڭ، رىزقىمنى بەرىكەتلىك قىلغىن.

اَللّٰهُمَّ مُصَرِّفَ الْقُلُوبِ صَرِّفْ قُلُوبَنَاعَلَى طَاعَتِكَ

تەرجىمىسى: ئى دىللارنى ئۆزگەرتىپ تۇرغۇچى ئاللاھ! دىللىرىمىزنى ساڭا تائەت قىلىشقا ئۆزگەرتكىن.

اَللّٰهُمَّ اجْعَلْ أَوْسَعَ رِزْقِكَ عَلَيَّ عِنْدَ كِبَرِ سِنِّي وَانْقِطَاعِ عُمْرِي

تەرجىمىسى: ئى ئاللاھ! ماڭا ئەڭ كەڭ رىزقىڭنى يېشىم چوڭىيىپ، ئۆمرۈم ئاخىرلىشىپ قالغان چاغدا بەرگىن.

اَللّٰهُمَّ عَافِنِي فِي بَدَنِي، اَللّٰهُمَّ عَافِنِي فِي سَمْعِي، اَللّٰهُمَّ عَافِنِي فِي بَصَرِي اَللّٰهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنَ الْكُفْرِ وَالْفَقْرِ اَللّٰهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنْ عَذَابِ الْقَبْرِ لَااِلٰهَ اِلاَّ أَنْتَ

**تەرجىمىسى:** ئى ئاللاھ! مېنىڭ بەدىنىمنى سالامەت قىلغىن، قۇلۇقۇمنى سالامەت قىلغىن، كۆزۈمنى سالامەت قىلغىن. ئى ئاللاھ! ساڭا سېغىنىپ كۇپرىدىن، كەمبەغەللىكتىن پاناھ تىلەيمەن. ئى ئاللاھ! ساڭا سېغىنىپ قەبرە ئازابىدىن پاناھ تىلەيمەن، سەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر.

**اَللّٰهُمَّ اِنِّي أَسْأَلُكَ اِيْمَاناً لاَ يَرْتَدُّ وَنَعِيماً لاَ يَنْفَدُ وَقُرَّةَ عَيْنٍ لاَتَنْقَطِعُ وَمُرَافَقَةَ نَبِيِّكَ سَيِّدِنَا مُحَمَّدٍ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فِي أَعْلٰى جِنَانِ الْخُلْدِ**

**تەرجىمىسى:** ئى ئاللاھ! شۇبھىسىزكى،

مەن سەندىن چېكىنمەس ئىماننى، تۈگىمەس نېمەتنى، ئۈزۈلمەس خوشلۇقنى، مەڭگۈلۈك جەننەتلەرنىڭ ئالىي دەرىجىلىرىدە خوجىمىز، پەيغەمبىرىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ھەمراھ بولۇشنى سورايمەن.

اَللّٰهُمَّ ارْزُقْنِي لَذَّةَ النَّظَرِ اِلٰى وَجْهِكَ الْكَرِيمِ وَالشَّوْقَ اِلٰى لِقَائِكَ

تەرجىمىسى: ئى ئاللاھ! ماڭا ئېسىل جامالىڭغا قاراش لەززىتىنى ۋە ساڭا مۇلاقات بولۇشنى سېغىنىشنى نېسىپ قىلغىن.

اَللّٰهُمَّ اجْعَلْنِي شَكُوراً وَاجْعَلْنِي صَبُوراً وَاجْعَلْنِي فِي عَيْنِي صَغِيراًوفِي أَعْيُنِ النَّاسِ كَبِيراً

**تەرجىمىسى:** ئى ئاللاھ! مېنى شۈكۈر قىلغۇچى قىلغىن، مېنى سەۋرە قىلغۇچى قىلغىن ۋە ئۆزۈمگە كىچىك، كىشىلەرگە چوڭ كۆرسەتكىن.

**اَللّٰهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ نَفْساً مُطْمَئِنَّةً تُؤْمِنُ بِلِقَائِكَ وَتَرْضَى بِقَضَائِكَ وَتَقْنَعُ بِعَطَائِكَ**

**تەرجىمىسى:** ئى ئاللاھ! شۈبھىسىزكى، مەن سەندىن ساڭا مۇلاقات بولۇشقا ئىشەنگەن، تەقدىرىڭگە رازى بولىدىغان ۋە ئاتايىڭغا قانائەت قىلىدىغان ئارام ئالغۇچى جاننى سورايمەن.

**يَامُقَلِّبَ الْقُلُوبِ ثَبِّتْ قَلْبِي عَلَى دِيْنِكَ**

**تەرجىمىسى:** ئى دىللارنى ئۆزگەرتكۈچى

زات! قەلبىمنى سېنىڭ دىنىڭدا مۇستەھكەم قىلغىن.

اَللّٰهُمَّ اِنَّا نَسْأَلُكَ مُوجِبَاتِ رَحْمَتِكَ وَعَزَائِمَ مَغْفِرَتِكَ وَالسَّلَامَةَ مِنْ كُلِّ اِثْمٍ وَالْغَنِيْمَةَ مِنْ كُلِّ بِرٍّ وَالْفَوْزَ بِالْجَنَّةِ وَالنَّجَاةَ مِنَ النَّارِ

تەرجىمىسى: ئى ئاللاھ! سەندىن سېنىڭ رەھمىتىڭگە ئېرىشتۈرىدىغان نەرسىلەرنى، مەغپىرىتىڭگە سەۋەب بولىدىغان نەرسىلەرنى سورايمەن، ھەربىر گۇناھتىن ساق بولۇشنى، ھەربىر ياخشىلىقنى قولغا كەلتۈرۈشنى، جەننەتنىڭ قولغا كېلىشىنى، دوزاختىن نىجات تېپىشنى

سورايمەن.

اَللّٰهُمَّ إِنِّي أَعُوذُبِكَ مِنَ الشِّقَاقِ وَالنِّفَاقِ وَسُوءِ الْاَخْلاَقِ

**تەرجىمىسى:** ئى ئاللاھ! مەن سەندىن ئىتتىپاقسىزلىقتىن، مۇناپىقلىقتىن ۋە ئەخلاقسىزلىقتىن پاناھ تىلەيمەن.

اَللّٰهُمَّ إِنِّى أَسْأَلُكَ الْهُدَى وَالتُّقَى وَالْعَفَافَ وَالْغِنَى

**تەرجىمىسى:** ئى ئاللاھ! سىنىڭ توغرا يولدا قىلىشىڭنى، تەقۋادار قىلىشىڭنى، ھارامدىن پاك قىلىشىڭنى ۋە باي قىلىشىڭنى تىلەيمەن.

اَللّٰهُمَّ زِدْنَا وَلاَ تَنْقُصْنَا وَأَكْرِمْنَا وَلا تُهِنَّا

وَأَعْطِنَا وَلاَ تَحْرِمْنَا واٰثِرْنَا وَلاَ تُؤْثِرْ عَلَيْنَا وأَرْضِنَا وَارْضَ عَنَّا

**تەرجىمىسى:** ئى ئاللاھ! بىزگە بەرگىنىڭنى زىيادە قىلغىن، كېمەيتىۋەتمىگىن، بىزنى ئەزىز قىلغىن، خار قىلمىغىن، بىزگە ئاتا قىلغىن، بىزنى مەھرۇم قىلمىغىن، بىزنى ئۈستۈن قىلغىن، تۆۋەن قىلمىغىن، بىزنى مەمنۇن قىلغىن ۋە بىزدىن رازى بولغىن.

اَللّٰهُمَّ إِنَّكَ سَأَلْتَنَامِنْ أَنْفُسِنَا مَالاَ نَمْلِكُهُ إِلاَّ بِكَ اَللّٰهُمَّ فَأَعْطِنَا مِنْهَا مَا يُرْضِيكَ عَنَّا

**تەرجىمىسى:** ئى ئاللاھ! سەن بىزدىن پەقەت ئۆزۈڭنىڭ ياردىمى بىلەنلا بىز

قىلالايدىغان نەرسىلەرنى سورىدىڭ. ئى ئاللاھ! بىزگە ئۇلارنىڭ ئىچىدىن سېنى بىزدىن رازى قىلىدىغان نەرسىلەرنى بەرگىن.

اَللّٰهُمَّ اقْسِمْ لَنَامِنْ خَشْيَتِكَ مَاتَحُولُ بِهِ بَيْنَنَا وَبَيْنَ مَعَاصِيكَ وَمِنْ طَاعَتِكَ مَا تُبَلِّغُنَا بِهِ جَنَّتَكَ وَمِنَ الْيَقِينِ مَاتُهَوِّنُ بِهِ عَلَيْنَا مَصَائِبَ الدُّنْيَا اَللّٰهُمَّ مَتِّعْنَا بِأَسْمَاعِنَا وَأَبْصَارِنَا وَقُوَّاتِنَا مَا أَحْيَيْتَنَا وَاجْعَلْهُ الْوَارِثَ مِنَّا وَاجْعَلْ ثَأْرَنَاعَلَى مَنْ ظَلَمَنَا وَانْصُرْنَا عَلَى مَنْ عَادَانَا وَلَاتَجْعَلْ مُصِيبَتَنَافِي دِينِنَا وَلَاتَجْعَلِ الدُّنْيَا أَكْبَرَهَمِّنَا وَلَا مَبْلَغَ عِلْمِنَا

وَلَاتُسَلِّطْ عَلَيْنَامَنْ لَايَرْحَمُنَا

**تەرجىمىسى:** ئى ئاللاھ! بىزگە بىزنى سېنىڭ ئالدىڭدا گۇناھكار بولۇشتىن توسىدىغان قورقۇنچ ئاتا قىلغىن، بىزنى جەننىتىڭگە ئېرىشتۈرىدىغان تائەت-ئىبادىتىڭگە مۇيەسسەر قىلغىن، بىزگە دۇنيانىڭ بالايىئاپەتلىرىنى مەنسىتمەيدىغان ئىشەنچ ئاتا قىلغىن، مادامىكى جېنىمىزنى ئېسەن قىلىدىكەنسەن، بىزنى قۇلاقلىرىمىزدىن، كۆزلىرىمىزدىن ۋە كۈچ-قۇۋۋىتىمىزدىن بەھرىمەن قىلغىن، ھاياتىمىز بويىچە بىزنى شۇلاردىن ئايرىمىغىن، بىزگە زۇلۇم قىلغانلاردىن ئۆچىمىزنى ئالىدىغان قىلغىن،

دۇشمەنلىرىمىزگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن، بېشىمىزغا كېلىدىغان پېشكەللىكنى دىنىي جەھەتتىن كەلتۈرمىگىن، دۇنيانى ئەڭ چوڭ غېمىمىز ۋە بىلىمىزنىڭ چېكى قىلمىغىن، سەندىن قورقمايدىغان، بىزگە رەھىم قىلمايدىغان ئادەمنى گۇناھلىرىمىز تۈپەيلىدىن بىزگە مۇسەللەت قىلمىغىن.

اَللّٰهُمَّ اكْفِنِي بِحَلاَلِكَ عَنْ حَرَامِكَ وَاَغْنِنِي بِفَضْلِكَ عَمَّنْ سِوَاكَ

تەرجىمىسى: ئى ئاللاھ! ھالال نەرسەڭ ئارقىلىق مېنى ھارامدىن بىھاجەت قىلغىن، پەزلى-مەرھەمىتىڭ بىلەن مېنى ئۆزۈڭدىن غەيرىدىن بىھاجەت قىلغىن.

(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى

ئەلگە: «ساڭا بىرقانچە كەلىمە ئۆگىتىپ قويايكى، ئۇنى ئوقۇساڭ سەبىر تېغىدەك قەرزىڭ بولسىمۇ ئاللاھ سېنى ئۇنىڭدىن خالاس قىلىدۇ »دەپ بۇ دۇئانى ئۆگىتىپ قويغان.)

اَللّٰهُمَّ عَافِنِى فِى جَسَدِى وَعَافِنِى فِى بَصَرِى وَاجْعَلْهُ الْوَارِثَ مِنِّى لاَ إِلٰهَ إِلاَّ اللّٰهُ الْحَلِيمُ الْكَرِيمُ سُبْحَانَ اللّٰهِ رَبِّ الْعَرْشِ الْعَظِيمِ اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ رَبِّ الْعَالَمِيْنَ

تەرجىمىسى: ئى ئاللاھ! مېنىڭ بەدىنىمنى سالامەت قىلغىن، كۆزۈمنى ساق قىلغىن، كۆزۈمنى مەن ئۆلگۈچە

ساق قىلغىن. مۆلايىم، كەرەملىك بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، بۈيۈك ئەرشىنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھنى نۇقسانلاردىن پاك ھېسابلايمەن، جىمى مەدھىيە پۈتۈن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر.

**اَللّٰهُمَّ إِنِّى أَسْأَلُكَ حُبَّكَ وَحُبَّ مَنْ يُحِبُّكَ وَالْعَمَلَ الَّذِى يُبَلِّغُنِى حُبَّكَ اَللّٰهُمَّ اجْعَلْ حُبَّكَ أَحَبَّ اِلَىَّ مِنَ نَفْسِى وَأَهْلِى وَمِنَ الْمَاءِ الْبَارِدِ**

**تەرجىمىسى:** ئى ئاللاھ! مەن سەندىن سېنىڭ مۇھەببىتىڭنى، ساڭا مۇھەببەت باغلىغانلارنىڭ مۇھەببىتىنى

سورايمەن ۋە سېنىڭ مۇھەببىتىڭگە ئېرىشتۈرىدىغان ئەمەلنى سورايمەن. ئى ئاللاھ! سېنىڭ مۇھەببىتىڭنى ماڭا مېنىڭ ئۆزۈمدىنمۇ، خىش-ئەقرىبالىرىمدىنمۇ ۋە مۇزدەك سۇدىنمۇ سۆيۈملۈك قىلغىن.

اَللّٰهُمَّ انْفَعْنِي بِمَا عَلَّمْتَنِي وَعَلِّمْنِي مَا يَنْفَعُنِي وَزِدْنِي عِلْمًا اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ عَلَى كُلِّ حَالٍ وَاَعُوذُ بِاللّٰهِ مِنْ حَالِ أَهْلِ النَّارِ

تەرجىمىسى: ئى ئاللاھ! ماڭا بىلدۈرگەن نەرسەڭدىن مېنى پايدىلاندۇرغىن، ماڭا پايدىلىق نەرسىلەرنى بىلدۈرگىن ۋە ئىلمىمنى زىيادە قىلغىن. قايسى هالدا بولماي، ئاللاھقا شۈكۈر قىلمەن ۋە ئەهلى

دوزاخنىڭ ھالىدىن ئاللاھ بىلەن پاناھ تىلەيمەن.

اَللّٰهُمَّ رَحْمَتَكَ أَرْجُو فَلاَ تَكِلْنِي اِلَى نَفْسِي طَرْفَةَ عَيْنٍ وَأَصْلِحْ لِي شَأْنِي كُلَّهُ لاَ إِلٰهَ إِلاَّأَنْتَ

**تەرجىمىسى:** ئى ئاللاھ! سېنىڭ رەھمىتىڭنى ئۈمىد قىلىمەن، بىردەممۇ مېنى نەپسىمنىڭ مەيلىگە قويۇۋەتمىگىن، مېنىڭ ئىشىمنىڭ ھەممىسىنى تۈزەتكىن، سەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر.

اَللّٰهُمَّ أَحْسِنْ عَاقِبَتَنَا فِي الْأُمُورِ كُلِّهَا، وَأَجِرْنَا مِنْ خِزْيِ الدُّنْيَا وَعَذَابِ الْآخِرَةِ

**تەرجىمىسى:** ئى ئاللاھ! پۈتكۈل

ئىشلىرىمىزدا ئاقىۋىتىمىزنى ياخشى قىلغىن. بىزنى دۇنيانىڭ ئوياتچىلىقلىرىدىن ۋە ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزغىن.

اَللّٰهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ فِعْلَ الْخَيْرَاتِ، وَتَرْكَ الْمُنْكَرَاتِ، وَحُبَّ الْمَسَاكِينِ، وَأَنْ تَغْفِرَ لِي، وَتَرْحَمَنِي، وَإِذَا أَرَدْتَ فِتْنَةَ قَوْمٍ فَتَوَفَّنِي غَيْرَ مَفْتُونٍ، وَأَسْأَلُكَ حُبَّكَ، وَحُبَّ مَنْ يُحِبُّكَ، وَحُبَّ عَمَلٍ يُقَرِّبُنِي اِلَى حُبِّكَ

**تەرجىمىسى:** ئى ئاللاھ! مەن سەندىن راستىنلا ياخشى ئىشلارنى قىلىشنى، يامان ئىشلارنى تەرك ئېتىشنى، نامراتلارنى ياخشى كۆرۈشنى، ماڭا مەغپىرەت قىلىشىڭنى، رەھىم قىلىشىڭنى سورايمەن. بىرەر

قەۋمنى پىتنىگە تاشلىماقچى بولساڭ، مېنى پىتنىگە دۇچار بولۇشتىن بۇرۇن قەبزى روھ قىلغىن. سەندىن سېنىڭ مۇھەببىتىڭنى، سېنى ياخشى كۆرىدىغانلارنىڭ مۇھەببىتىنى، سېنىڭ مۇھەببىتىڭگە مېنى يېقىنلاشتۇرىدىغان ئىشنى ياخشى كۆرۈشنى سورايمەن.

**اَللّٰهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ مِنْ فَضْلِكَ وَرَحْمَتِكَ فَإِنَّهُ لاَ يَمْلِكُهَا إِلاَّ أَنْتَ**

**تەرجىمىسى**، ئى ئاللاھ! شۈبھىسىزكى، مەن سېنىڭ پەزلىڭنى ۋە رەھمىتىڭنى سورايمەن، ئۇ پەقەت سېنىڭ قولۇڭدىدۇر.

**اَللّٰهُمَّ إِنِّي أَعُوذُبِكَ مِنْ قَلْبٍ لاَ يَخْشَعُ وَمِنْ دُعَاءٍ لاَيُسْمَعُ وَمِنْ نَفْسٍ لاَتَشْبَعُ وَمِنْ**

عِلْمٍ لاَيَنْفَعُ أَعُوذُبِكَ مِنْ هٰؤُلاَءِ الْاَرْبَعِ

تەرجىمىسى: ئى ئاللاھ! ساڭا سېغىنىپ تەزەررۇئ قىلماس دىلدىن، قوبۇل بولماس دۇئادىن، تويماس نەپسدىن، پايدىسىز ئىلىمدىن پاناھ تىلەيمەن. مۇشۇ تۆتىدىن پاناھ تىلەيمەن.

اَللّٰهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ الْجَنَّةَ وَأَسْتَجِيرُ بِكَ مِنَ النَّارِ

• تەرجىمىسى: ئى ئاللاھ! مەن ھەقىقەتەن سەندىن جەننەتنى سورايمەن، ساڭا سېغىنىپ دوزاختىن پاناھ تىلەيمەن.

اَللّٰهُمَّ فَقِّهْنِي فِي الدِّينِ

تەرجىمىسى: ئى ئاللاھ! مېنى دىنىي

ئىلىملەرگە ئۇستا قىلغىن.

(سەھىھۇلبۇلخارى، سەھھى. مۇسلىم كىتابلىرىنىڭ كۆرسىتىشىچە، بۇ مەزمۇن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قىلغان دۇئاسىنىڭ مەزمۇنىدىن ئېلىنغان).

اَللّٰهُمَّ إِنِّي أَعُوذُبِكَ أَنْ أُشْرِكَ بِكَ وَأَنَا أَعْلَمُ. وَأَسْتَغْفِرُكَ لِمَا لاَأَعْلَمُ

**تەرجىمىسى:** ئى ئاللاھ! مەن ھەقىقەتەن ساڭا سېغىنىپ، بىلىپ تۇرۇپ ساڭا شېرىك كەلتۈرۈشتىن پاناھ تىلەيمەن. بىلمەستىن قىلىپ سالغانلىرىمدىن سەندىن كەچۈرۈم سورايمەن.

اَللّٰهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ عِلْماً نَافِعاً، وَرِزْقاً طَيِّباً، وَعَمَلاً مُتَقَبَّلاً

تەرجىمىسى: ئى ئاللاھ! سەندىن پايدىلىق ئىلىمنى، پاك رىزىقنى، قوبۇل بولىدىغان ئەمەلنى سورايمەن.

رَبِّ اغْفِرْلِي وَتُبْ عَلَيَّ، إِنَّكَ أَنْتَ التَّوَّابُ الْغَفُورُ

تەرجىمىسى: پەرۋەردىگارىم! مېنى مەغپىرەت قىلغىن، تەۋبەمنى قوبۇل قىلغىن. شۈبھىسىزكى، سەن تەۋبىنى تولىمۇ قوبۇل قىلغۇچىسەن، ناھايىتى مەغپىرەتلىك زاتسەن.

اَللّٰهُمَّ رَبَّ جِبْرَائِيلَ، وَمِيكَائِيلَ وَرَبَّ إِسْرَافِيلَ، أَعُوذُبِكَ مِنْ حَرِّ النَّارِ وَمِنْ عَذَابِ

الْقَبْرِ

**تەرجىمىسى:** ئى ئاللاھ! جىبرىئىلنىڭ، مىكائىلنىڭ پەرۋەردىگارى، ئىسرافىلنىڭ پەرۋەردىگارى، ساڭا سېغىنىپ دوزاخنىڭ قىزىقىدىن ۋە قەبرىنىڭ ئازابىدىن پاناھ تىلەيمەن.

**اَللّٰهُمَّ أَلْهِمْنِي رُشْدِي وَأَعِذْنِي مِنْ شَرِّ نَفْسِي**

**تەرجىمىسى:** ئى ئاللاھ! ھىدايەت تېپىشىمنى كۆڭلۈمگە سالغىن، مېنى نەپسىمنىڭ يامانلىقىدىن ساقلىغىن.

**اَللّٰهُمَّ حَاسِبْنِي حِسَاباً يَسِيراً**

**تەرجىمىسى:** ئى ئاللاھ! مېنىڭ

ھېسابىمنى ئاسان قىلغىن.

اَللّٰهُمَّ اٰتِنِي الْحِكْمَةَ الَّتِي مَنْ أُوتِيَهَا فَقَدْ أُوتِيَ خَيْراً كَثِيراً

**تەرجىمىسى:** ئى ئاللاھ! ماڭا ھېكمەت ئاتا قىلغىنكى، كىمكى ئۇنىڭغا ھېكمەت ئاتا قىلىنغانىكەن، ئۇنىڭغا كۆپ ياخشىلىق ئاتا قىلىنغان بولىدۇ.

اَللّٰهُمَّ إِنِّى أَعُوذُ بِكَ مِنْ فِتْنَةِ النَّارِ وَعَذَابِ النَّارِ وَمِنْ شَرِّ الْغِنَى والْفَقْرِ

**تەرجىمىسى:** ئى ئاللاھ! سەن بىلەن دوزاخنىڭ پىتنىسىدىن، دوزاخنىڭ ئازابىدىن باي ۋە كەمبەغەللىكنىڭ يامانلىقلىرىدىن پاناھ تىلەيمەن.

اَللّٰهُمَّ إِنِّى أَعُوذُبِكَ مِنَ الْمَأْثَمِ وَالْمَغْرَمِ

**تەرجىمىسى:** ئى ئاللاھ! ساڭا سىغىنىپ گۇناھ ئىشلاردىن ۋە قەرزدار بولۇپ قېلىشتىن پاناھ تىلەيمەن.

(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ دۇئانى نامازدىن كېيىن ئوقۇيتتى).

اَللّٰهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنْ مُنْكَرَاتِ الْاَخْلَاقِ وَالْاَعْمَالِ وَ الْاَهْوَاءِ

**تەرجىمىسى:** ئى ئاللاھ، ساڭا سىغىنىپ يامان ئەخلاقلاردىن، يامان ئەمەللەردىن ۋە ھاۋايى-ھەۋەسلەردىن سەن بىلەن پاناھ تىلەيمەن.

اَللّٰهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنَ الْهَمِّ وَالْحُزْنِ وَأَعُوذُ بِكَ مِنَ الْعَجْزِ وَالْكَسَلِ وَأَعُوذُ بِكَ مِنَ الْجُبْنِ وَالْبُخْلِ وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ غَلَبَةِ الدَّيْنِ وَقَهْرِ الرِّجَالِ

تەرجىمىسى: ئى ئاللاھ! ساڭا سېغىنىپ غەم-قايغۇدىن، ئاجىزلىقتىن، ھورۇنلۇقتىن، قورقۇنچاقلىقتىن، بېخىللىقتىن، قەرزنىڭ بېسىۋېلىشىدىن ۋە كىشىلەرنىڭ خورلىشىدىن پاناھ تىلەيمەن.

(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى مەسچىتكە كىرىپ ئەبۇ ئۇمامە ئاتلىق بىرسىنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ: «ئى ئەبۇ ئۇمامە، ناماز ۋاقتى بولمىسمۇ

مەسچىتتە ئولتۇرۇپ قاپسەنغۇ؟ »دەپ سورىغاندا، ئەبۇ ئۇمامە: « ئى رەسۇلۇللا، مېنى غەم-قايغۇ بېسىۋالدى » دېگەن، رەسۇلۇللا ئۇنىڭغا: « ساڭا شۇنداق بىر سۆزنى ئۆگىتىپ قويايكى، ئۇنى ئەتىگەن-ئاخشامدا ئوقۇساڭ ئاللاھ سېنى غەمدىن ۋە ئۇستۇڭدىكى قەرزدىن خالاس قىلىدۇ »دەپ، بۇ دۇئانى ئۇنىڭغا ئۆگىتىپ قويغان. ئەبۇ ئۇمامە: « بۇ دۇئانى ئوقۇغانىدىم، ئاللاھ مېنى غەم ۋە قەرزدىن خالاس تاپقۇزدى » دېگەن.)

اَللّٰهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنْ زَوَالِ نِعْمَتِكَ وَتَحَوُّلِ عَافِيَتِكَ، وَفُجَاءَةِ نِقْمَتِكَ وَجَمِيعِ سَخَطِكَ

**تەرجىمىسى:** ئى ئاللاھ! سەن بىلەن بەرگەن نېمىتىڭنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىدىن، بەرگەن ئامانلىقىڭنىڭ ئۆزگىرىپ قېلىشىدىن، تۇيۇقسىز جازالىشىڭدىن ۋە جىمى غەزەپلىرىڭدىن پاناھ تىلەيمەن.

**اَللّٰهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنْ جَهْدِ الْبَلاَءِ وَدَرَكِ الشَّقَاءِ وَسُوءِ الْقَضَاءِ وَشَمَاتَةِ الْأَعْدَاءِ**

**تەرجىمىسى:** ئى ئاللاھ! ساڭا سىغىنىپ، ئېغىر ئەھۋالدا قېلىشتىن، بەختسىزلىككە دۇچار بولۇپ قېلىشتىن، بالا-قازاغا يولۇقۇپ قېلىشتىن ۋە دۈشمەنلەرنى خوش قىلىدىغان ئىشقا دۇچار بولۇشتىن پاناھ تىلەيمەن.

اَللّٰهُمَّ إِنِّى أَعُوذُ بِكَ مِنْ الْعَجْزِ وَالْكَسَلِ وَالْجُبْنِ وَالْهَرَمِ وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ فِتْنَةِ الْمَحْيَا وَالْمَمَاتِ وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ عَذَابِ الْقَبْرِ

تەرجىمىسى: ئى ئاللاھ! ساڭا سېغىنىپ، ئاجىزلىقتىن، ھورۇنلۇقتىن، قورقۇنچاقلىقتىن، بەكمۇ قېرىپ كېتىشتىن پاناھ تىلەيمەن، يەنە ھاياتلىقنىڭ پىتنىلىرىدىن ۋە ئۆلۈمنىڭ پىتنىلىرىدىن پاناھ تىلەيمەن. يەنە گۆر ئازابىدىن پاناھ تىلەيمەن.

اَللّٰهُمَّ إِنِّي أَعُوذُبِكَ مِنَ الْعَجْزِ والْكَسَلِ وَالْجُبْنِ وَالْبُخْلِ وَالْهَرَمِ وَعَذَابِ الْقَبْرِ اَللّٰهُمَّ اٰتِ نَفْسِى تَقْوَاهَا وَزَكِّهَا أَنْتَ خَيْرُ مَنْ زَكَّاهَا

أَنْتَ وَلِيُّهَا وَمَوْلاَهَا اَللّٰهُمَّ إِنِّى أَعُوذُبِكَ مِنْ عِلْمٍ لاَيَنْفَعُ وَمِنْ قَلْبٍ لاَيَخْشَعُ وَمِنْ نَفْسٍ لاَتَشْبَعُ وَمِنْ دَعْوَةٍ لاَيُسْتَجَابُ لَهَا

تەرجىمىسى: ئى ئاللاھ! ساڭا سىغىنىپ، ئاجىزلىقتىن، ھورۇنلۇقتىن، قورقۇنچاقلىقتىن، بېخىللىقتىن، بەك قېرىپ كېتىشتىن ۋە گۆر ئازابىدىن پاناھ تىلەيمەن. ئى ئاللاھ! نەپسىمنى تەقۋادار قىلغىن، ئۇنى پاك قىلغىن، ئۇنى پەقەت سەنلا پاك قىلسەن، سەن ئۇنى قوغدىغۇچىسەن ۋە سەن ئۇنىڭ ئىگىسىسەن. ئى ئاللاھ! ساڭا سىغىنىپ، پايدىسىز ئىلىمدىن، بويسۇنماس دىلدىن، تويماس نەپسىدىن،

ئىجابەت بولماس دۇئادىن پاناھ تىلەيمەن.

اَللّٰهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِرِضَاكَ مِنْ سَخَطِكَ وَأَعُوذُ بِمُعَافَاتِكَ مِنْ عُقُوبَتِكَ وَأَعُوذُ بِكَ مِنْكَ لاَ أُحْصِي ثَنَاءً عَلَيْكَ أَنْتَ كَمَاأَثْنَيْتَ عَلى نَفْسِكَ

**تەرجىمىسى:** ئى ئاللاھ! سېنىڭ رازىلىقىڭ ئارقىلىق غەزىپىڭدىن پاناھ تىلەيمەن، سېنىڭ قوغدىشىڭ بىلەن سېنىڭ ئازابىڭدىن پاناھ تىلەيمەن، ساڭا سېغىنىپ سېنىڭ دوزىخىڭدىن پاناھ تىلەيمەن، سەن ئۆزۈڭگە سانا ئېيتقاندەك مۇكەممەل رەۋىشتە سانا ئېيتىشتىن ئاجىزمەن.

اَللّٰهُمَّ إِنِّي أَعُوذُبِكَ مِنْ شَرِّ مَاعَمِلْتُ وَمِنْ شَرِّ مَالَمْ أَعْمَلْ

تەرجىمىسى: ئى ئاللاھ! قىلغان ئەمەللىرىمنىڭ يامانلىقىدىن ۋە قىلمىغان ئەمەللىرىمنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن.

(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ دۇئانى ئۆزىنىڭ قىلغان دۇئاسىدا ئوقۇيتتى).

اَللّٰهُمَّ إِنِّى أَعُوذُ بِكَ مِنْ عَذَابِ الْقَبْرِ وَأَعُوذُبِكَ مِنْ فِتْنَةِ الْمَسِيحِ الدَّجَّالِ وَأَعُوذُبِكَ مِنْ فِتْنَةِ الْمَحْيَا وَفِتْنَةِ الْمَمَاتِ اَللّٰهُمَّ إِنِّى أَعُوذُبِكَ مِنَ الْمَأْثَمِ وَالْمَغْرَمِ

تەرجىمىسى: ئى ئاللاھ! ساڭا سېغىنىپ قەبرە ئازابىدىن پاناھ تىلەيمەن،

ساڭا سېغىنىپ كاززاپ دەججالنىڭ پىتنىسىدىن پاناھ تىلەيمەن، ساڭا سېغىنىپ ھاياتلىقنىڭ ۋە ماماتلىقنىڭ پىتنىسىدىن پاناھ تىلەيمەن، ئى ئاللاھ! ساڭا سېغىنىپ گۇناھتىن ۋە قەرزدارلىقتىن پاناھ تىلەيمەن.

(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ دۇئانى نامازنىڭ ئاخىرىدا ئوقۇيتتى. بىر ئادەم رەسۇلۇللاغا: «قەرزدىن ئەجەبمۇ تولا پاناھ تىلەيسەن» دېگەندە، رەسۇلۇللا ئۇنىڭغا: «كىشى قەرزدار بولۇپ قالسا، سۆزلىگەندە يالغاننى ئارىلاشتۇرۇپ قويىدۇ، ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىپ قويىدۇ» دېگەن).

اَللّٰهُمَّ إِنِّى أَعُوذُ بِكَ مِنَ الْبُخْلِ وَأَعُوذُ بِكَ مِنَ الْجُبْنِ وَأَعُوذُ بِكَ أَنْ أُرَدَّ اِلَى أَرْذَلِ الْعُمُرِ وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ فِتْنَةِ الدُّنْيَا وَعَذَابِ الْقَبْرِ

تەرجىمىسى: ئى ئاللاھ! ساڭا سىغىنىپ، بېخىللىقتىن پاناھ تىلەيمەن، قورقۇنچاقلىقتىن پاناھ تىلەيمەن، بەك قېرىپ كېتىشتىن پاناھ تىلەيمەن، دۇنيانىڭ پىتنىسىدىن ۋە گۆر ئازابىدىن پاناھ تىلەيمەن.

(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ دۇئانى ساھابىلارغا خۇددى خەت تەلىم بەرگەندەك تەلىم بېرەتتى).

اَللّٰهُمَّ إِنِّي أَعُوذُبِكَ مِنْ شَرِّ سَمْعِي وَمِنْ شَرِّ بَصَرِي وَمِنْ شَرِّ لِسَانِي وَمِنْ شَرِّ قَلْبِي وَمِنْ شَرِّ مَنِيِّي

**تەرجىمىسى:** ئى ئاللاھ! سەن بىلەن، قۇلىقىمنىڭ يامانلىقىدىن، كۆزۈمنىڭ يامانلىقىدىن، تىلىمنىڭ يامانلىقىدىن، قەلبىمنىڭ يامانلىقىدىن ۋە جان يېرىمنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن.

اَللّٰهُمَّ إِنِّي أَعُوذُبِكَ مِنَ الْجُوعِ فَإِنَّهُ بِئْسَ الضَّجِيعُ وَأَعُوذُبِكَ مِنَ الْخِيَانَةِ فَإِنَّهَابِئْسَتِ الْبِطَانَةُ

**تەرجىمىسى:** ئى ئاللاھ! ساڭا سېغىنىپ، ئاچلىقتىن پاناھ تىلەيمەن، ئاچ

قىلىش نىيىتىدە بولغان مۇسۇلمان كىشى ئۆز-ئۆزىنى ساقلاپ، ساڭا سىغىنىپ، خىيانەتتىن پاناھ تىلەيمەن، خىيانەت نېمىدېگەن يامان!

اَللّٰهُمَّ اجْعَلْنِي مِنَ الشَّاكِرِينَ لِآلاَئِكَ الصَّابِرِينَ عَلَى بَلاَئِكَ النَّاصِرِينَ لِأَوْلِيَائِكَ

تەرجىمىسى: ئى ئاللاھ مېنى نېمەتلىرىڭگە شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن، كۈلپەتلىرىڭگە سەۋرى قىلغۇچىلاردىن، دوستلىرىڭغا ياردەم بەرگۈچىلەردىن قىلغىن.

اَللّٰهُمَّ لاَ تَحْرِمْنِي خَيْرَ مَا عِنْدَكَ بِسُوءِ مَا عِنْدِي اَللّٰهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ عَيْشًا قَاراً وَرِزْقاً دَارًّا وَعَمَلاً بَاراً

تەرجىمىسى: ئى ئاللاھ! مەندىكى

يامانلىقلارنىڭ تۆپەيلىدىن دەرگاھىڭدىكى ياخشىلىقلاردىن مېنى قۇرۇق قالدۇرمىغىن، ئى ئاللاھ! سەندىن مۇقىم تۇرمۇشنى، مول رىزىقنى، ياخشى ئەمەلنى سورايمەن.

اَللّٰهُمَّ إِنِّي ضَعِيفٌ فَقَوِّنِي وَإِنِّي ذَلِيلٌ فَأَعِزَّنِي إِنِّي فَقِيرٌ فَاَغْنِنِي اَللّٰهُمَّ عَلِّمْنِي مَا يَنْفَعُنِي وَانْفَعْنِي بِمَاعَلَّمْتَنِي وزِدْنِي عِلْماً

**تەرجىمىسى:** ئى ئاللاھ! مەن ئاجىزمەن، مېنى كۈچلۈك قىلغىن. مەن خارمەن، مېنى ئابرويلۇق قىلغىن. مەن كەمبەغەلمەن، مېنى باي قىلغىن. ئى ئاللاھ! ماڭا پايدىلىق نەرسىلەرنى بىلدۈرگىن، ماڭا بىلدۈرگەنلىرىڭدىن مېنى

پايدىلاندۇرغىن، ئىلمىمنى زىيادە قىلغىن.

اَللّٰهُمَّ جَمِّلْ أَمْرِي مَا أَحْيَيْتَنِي وَعَافِنِي مَا أَبْقَيْتَنِي وَبَارِكْ لِي فِيمَا خَوَّلْتَنِي وَاحْفَظْ لِي مَا أَوْلَيْتَنِي وَارْحَمْنِي اِذَا تَوَفَّيْتَنِي وَاٰنِسْ وَحْشَتِي اِذَا أَرْمَسْتَنِي وَتَفَضَّلْ عَلَيَّ إِذَا حَاسَبْتَنِي وَلاَ تَسْلُبْنِي الْإِيْمَانَ وَقَدْ هَدَيْتَنِي

**تەرجىمىسى:** ئى ئاللاھ! مېنى ھايات قالدۇرىدىكەنسەن، ئىشلىرىمنى گۈزەللەشتۈرگىن، جېنىم تېنىمدە بولسىلا مېنى ئامان قىلغىن، ماڭا بەرگەنلىرىڭگە بەرىكەت ئاتا قىلغىن، نېمەتلىرىڭنى مەندىن كەتكۈزۈۋەتمىگىن، مېنى قەبرى روھ قىلساڭ ماڭا رەھىم قىلغىن، قەبرىدىكى يالغۇزلۇقۇمدا ماڭا

ھەمراھ بولغىن، مەندىن ھېساب ئالماقچى بولغىنىڭدا ماڭا مەرھەمەت قىلغىن، سەن مېنى ھىدايەت قىلدىڭكى ئىمانىمدىن ئاجراتمىغىن.

اَللّٰهُمَّ لاَ تَقْطَعْ رَجَائِي وَبَلِّغْنِي أَمَانِي أَعْدَائِي وَأَصْلِحْ لِي شَأْنِي وَاكْفِنِي أَمْرَ دِينِي وَدُنْيَايَ وَ اٰخِرَتِي وَارْزُقْنِي قَلْبًا تَوَّابًا لاَ كَافِرًا وَ لاَ مُرْتَابًا وَاغْفِرْ لِي وَاهْدِنِي وَارْزُقْنِي وَأَنْتَ خَيْرُ الرَّازِقِينَ بِرَحْمَتِكَ يَا أَرْحَمَ الرَّاحِمِينَ

**تەرجىمىسى:** ئى ئاللاھ! مېنى ئۈمىدسىز قالدۇرمىغىن، مېنى مەقسەتلىرىمگە يەتكۈزگىن، مېنى دۈشمەنلىرىمگە تېتىقىن،

مېنىڭ ھالىمنى تۈزىگىن، مېنىڭ دىنىمغا، دۇنيالىقىمغا ۋە ئاخىرىتىمگە ئۆزۈڭ ئىگە بولغىن، ماڭا، كۆپرىلىق قىلغۇچى، شەك قىلغۇچى قەلبنى ئەمەس، تەۋبە قىلغۇچى قەلبنى نېسىپ قىلغىن، ماڭا مەغپىرەت قىلغىن، مېنى ھىدايەت قىلغىن، ماڭا رىزقى ئاتا قىلغىن، سەن ئەڭ ياخشى رىزقى ئاتا قىلغۇچىسەن، ئى ئەڭ رەھىم قىلغۇچى زات، (يۇقىرىقىلارغا) پەقەت سېنىڭ رەھمىتىڭ ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولىدۇ.

اَللّٰهُمَّ إِنَّا نَتَوَسَّلُ إِلَيْكَ بِمَا تَوَسَّلَ بِهِ عِبَادُكَ الصَّالِحُونَ، وَأَوْلِيَاؤُكَ الْمُقَرَّبُونَ

أَنْ تَجْعَلَ لَنَا مِنَ الْفَهْمِ عَنْكَ وَعَنْ رَسُولِكَ مَانَبْلُغُ بِهِ مَنَازِلَ الصِّدِّيقِينَ وَنُحْشَرُ بِهِ فِي زُمْرَةِ الْعُلَمَاءِ الْعَامِلِينَ

**تەرجىمىسى:** ئى ئاللاھ! ساڭا بىز سىنىڭ ياخشى بەندىلىرىڭ ۋە يېقىن ئەۋلىيالىرىڭ يېقىنچىلىق قىلغان نەرسىلەر بىلەن يېقىنچىلىق قىلىمىزكى، سەن بىزنى ئۆزۈڭ ۋە پەيغەمبىرىڭ توغرۇلۇق سىددىقلارنىڭ دەرىجىلىرىگە يەتكۈزىدىغان، مەھشەرگاھدا ئەمەل قىلغۇچى ئۆلىمالار قاتارىدا قىلىدىغان چۈشەنچىگە ئىگە قىلغايسەن.

اَللّٰهُمَّ إِنِّي أَبْرَأُ إِلَيْكَ مِنْ حَوْلِي وَ قُوَّتِي أَلْجَأُ إِلَى حَوْلِكَ وَ قُوَّتِكَ أَحْمَدُكَ

إِذْ أَوْجَدْتَنَامِنَ الْعَدَمِ وَفَضَّلْتَنَا عَلَى كَثِيرٍ مِنَ الْأُمَمِ

**تەرجىمىسى:** ئى ئاللاھ! مەن ھەقىقەتەن ساڭا يۈزلىنىپ چارە-تەدبىر، كۈچ-قۇۋۋىتىمدىن چەك ئارىلىپ بولۇپ سېنىڭ چارە-تەدبىر ۋە كۈچ-قۇۋۋىتىڭگە ئىلتىجا قىلىمەن، بىزنى يوقتىن بار قىلغانلىقىڭ، نۇرغۇن ئۈممەتلەردىن بىزنى ئۈستۈن قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن ساڭا ھەمدى ئېيتىمەن.

اَللّٰهُمَّ فَخُذْ بِيَدِي فِي الْمَضَائِقِ وَاكْشِفْ لِي وُجُوهَ الْحَقَائِقِ، ووَفِّقْنِي لِمَاتُحِبُّ وَاعْصِمْنِي مِنَ الزَّلَلِ وَلاَ تَسْلُبْنِي سِتْرَ اِحْسَانِكَ، وَقِنِي

مَصَارِعَ السُّوءِ، وَاكْفِنِي كَيْدَ الْحَاسِدِ وَشَمَاتَةَ الْأَضْدَادِ، وَالْطُفْ بِي فِي سَائِرِ تَصَرُّفَاتِي، وَاكْفِنِي مِنْ جَمِيعِ جِهَاتِي، يَا أَرْحَمَ الرَّاحِمِينَ

**تەرجىمىسى:** ئى ئاللاھ! دىشۋارچىلىقلاردا مېنىڭ قولۇمنى ئۇشلىغىن، ھەقىقەتلەر يۈزىنى ماڭا ئېچىپ بەرگىن، سەن ياقتۇرىدىغان ئىشلارغا مېنى مۇۋەپپەق قىلغىن، مېنى تېيىلىپ كېتىشتىن ساقلىغىن، ئىنسانىيەتنىڭ پەردىسىنى مەندىن تارتىۋالمىغىن، مېنى يامان ئاقىۋەتلەردىن ساقلىغىن، مېنى كۆرەلمەيدىغانلارنىڭ مىكرىدىن ۋە دۈشمەنلەرنى خۇشال قىلىدىغان ئىشلاردىن مېنى ساقلىغىن، بارلىق ھەرىكەتلىرىمدە

ماگا مەرھەمەتلىك بولغىن، مېنى ھەممە تەرىپىمدىن قوغدىغىن، ئى ئەڭ رەھمەت قىلغۇچى زات.

أَسْأَلُكَ بِنُورِ وَجْهِكَ الَّذِي أَشْرَقَتْ لَهُ السَّمٰوَاتُ وَالْأَرْضُ، وَبِكُلِّ حَقٍّ هُوَ لَكَ وَبِحَقِّ السَّائِلِينَ عَلَيْكَ أَنْ تَقْبَلَنِي وَأَنْ تُجِيرَنِي مِنَ النَّارِ بِقُدْرَتِكَ حَسْبِيَ اللّٰهُ لاَ إِلٰهَ إِلاَّ هُوَ عَلَيْهِ تَوَكَّلْتُ وَ هُوَ رَبُّ الْعَرْشِ الْعَظِيمِ

تەرجىمىسى: ئاسمان ۋە زېمىن يورۇپ كەتكەن سېنىڭ يۈزۈڭ بىلەن ۋە پۈتۈن سېنىڭ ھەقىڭ بىلەن، سەندىن سورىغۇچىلارنىڭ ھەققى بىلەن سېنىڭ

مېنى قوبۇل قىلىشىڭنى، قۇدرىتىڭ بىلەن مېنى دوزاختىن قۇتۇلدۇرۇشۇڭنى سورايمەن، ئاللاھ ماڭا كۇپايە قىلدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلدىم، ئۇ بۈيۈك ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر.

**اَللّٰهُمَّ فَاطِرَ السَّمٰوَاتِ وَالْاَرْضِ عَالِمَ الْغَيْبِ وَالشَّهَادَةِ رَبَّ كُلِّ شَيْءٍ وَمَلِيكَهُ أَشْهَدُ أَلاَّ إِلٰهَ إِلاَّ أَنْتَ أَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّ نَفْسِي، وَمِنْ شَرِّ الشَّيْطَانِ وَشَرَكِهِ وَأَنْ أَقْتَرِفَ عَلَى نَفْسِي سُوءًا أَوْ أَجُرَّهُ إِلَى مُسْلِمٍ**

تەرجىمىسى: ئى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆرنەكسىز ياراتقۇچى، يوشۇرۇن

ۋە ئاشكارىنى بىلگۈچى، ھەممە نەرسىنىڭ پەرۋەردىگارى ۋە پادىشاھى ئالله! گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، سەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ساڭا سېغىنىپ نەپسىمنىڭ يامانلىقىدىن، شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن ۋە ئۇنىڭ قاپقىنىدىن، ئۆز نەپسىمگە بىرەر يامانلىق كەلتۈرۈپ قويۇشۇمدىن ياكى بىر مۇسۇلمانغا بىرەر يامانلىق كەلتۈرۈپ قويۇشۇمدىن پاناھ تىلەيمەن.

اَللّٰهُمَّ أَرِنِي الْحَقَّ حَقًّا وَارْزُقْنِي إِ تِّبَاعَهُ وَأَرِنِي الْبَاطِلَ بَاطِلاً وارْزُقْنِي اجْتِنَابَهُ

**تەرجىمىسى:** ئى ئالله! ماڭا ھەقنى ھەق كۆرسەتكىن، ماڭا ھەقىقەتكە ئەگىشىشنى نېسىپ قىلغىن، ماڭا باتىلنى

باتىل كۆرسەتكىن ۋە ئۇنىڭدىن ساقلىنىشنى ماڭا نېسىپ قىلغىن.

**اَللّٰهُمَّ أَعْطِنِي إِيْمَانًا صَادِقًا وَيَقِيْنًا لَيْسَ بَعْدَهُ كُفْرٌ وَرَحْمَةً أَنَالُ بِهَا شَرَفَ كَرَامَتِكَ**

**تەرجىمىسى:** ئى ئاللاھ! ماڭا راست ئىماننى، كۇپرىغا ھەرگىز يېقىن كەلمەيدىغان ھەقىقىي ئەقىدىنى ۋە مەن سېنىڭ ھۆرمىتىڭنىڭ شەرىپىگە يېتىدىغان رەھمەتنى ئاتا قىلغىن.

**اَللّٰهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ مِنَ الْخَيْرِ كُلِّهِ، عَاجِلِهِ وَآجِلِهِ مَا عَلِمْتُ مِنْهُ وَمَا لَمْ أَعْلَمْ وَأَعُوذُ بِكَ مِنَ الشَّرِّ كُلِّهِ عَاجِلِهِ وَآجِلِهِ مَا عَلِمْتُ مِنْهُ وَمَا لَمْ أَعْلَمْ وَأَسْأَلُكَ الْجَنَّةَ**

وَمَا قَرَّبَ إِلَيْهَا مِنْ قَوْلٍ أَوْ عَمَلٍ وَأَعُوذُ بِكَ
مِنَ النَّارِ وَمَا قَرَّبَ اِلَيْهَا مِنْ قَوْلٍ أَوْ عَمَلٍ
وَأَسْأَلُكَ مِنْ خَيْرِ مَا سَأَلَكَ مِنْهُ عَبْدُكَ
وَرَسُولُكَ مُحَمَّدٌ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَأَعُوذُ
بِكَ مِنْ شَرِّ مَا اسْتَعَاذَكَ مِنْهُ عَبْدُكَ وَرَسُولُكَ
مُحَمَّدٌ صَلَّى اللّٰه عَلَيهِ، وَسَلَّمَ وَأَسْأَلُكَ مَا
قَضَيْتَ لِي مِنْ أَمْرٍ أَنْ تَجْعَلَ عَاقِبَتَهُ رَشَداً

تەرجىمىسى: ئى ئاللاھ! ياخشىلىقنىڭ
بۆرۈنقىسى بولسۇن، كېيىنكىسى بولسۇن،
ئۇنىڭدىن بىلىدىغىنىم بولسۇن ۋە بىلمەيدىغىنىم
بولسۇن ھەممىسىنى سەندىن سورايمەن،
يامانلىقنىڭ بۆرۈنقىسى بولسۇن، كېيىنكىسى

بولسۇن، ئۇنىڭدىن بىلىدىغىنىم بولسۇن
ۋە بىلمەيدىغىنىم بولسۇن ھەممىسىدىن
ساڭا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن. سەندىن
جەننەتنى ۋە جەننەتكە يېقىنلاشتۇرىدىغان
سۆز ياكى ھەرىكەتنى سورايمەن، ساڭا
سىغىنىپ دوزاختىن ۋە دوزاخقا يېقىنلاشتۇرىدىغان
سۆز ۋە ھەرىكەتلەردىن پاناھ تىلەيمەن.
بەندەڭ ۋە پەيغەمبىرىڭ مۇھەممەد
ئەلەيھىسسالام سەندىن سورىغان
نەرسىلەرنىڭ ياخشىسىنى سورايمەن،
بەندەڭ ۋە پەيغەمبىرىڭ مۇھەممەد
ئەلەيھىسسالام ساڭا سىغىنىپ پاناھ تىلىگەن
نەرسىلەرنىڭ يامىنىدىن پاناھ تىلەيمەن،

شۇنداقلا مېنىڭ پېشانەمگە پۈتكەن ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ياخشى قىلىشىڭنى تىلەيمەن.

اَللّٰهُمَّ إِنِّي أَسْاَلُكَ أَنْ تُيَسِّرَ لِي أَمْرَ رِزْقِي وَأَنْ تَعْصِمَنِي مِنَ الْحِرْصِ وَالتَّعَبِ فِي طَلَبِهِ وَمِنْ كَثْرَةِ الْهَمِّ وَالتَّفْكِيرِ فِي تَحْصِيْلِهِ وَمِنَ الشُّحِّ وَالْبُخْلِ بَعْدَ حُصُولِهِ وَاجْعَلْهُ سَبَباً لِإِقَامَةِ عُبُودِيَّتِكَ وَمُشَاهَدَةِ رُبُوبِيَّتِكَ وَأَنْ تَتَوَلَّى أَمْرِي كُلَّهُ بِنَاتِكَ وَكَرَمِكَ وَفَضْلِكَ وَلاَ تَكِلْنِي اِلَى نَفْسِي طَرْفَةَعَيْنٍ وَلاَ أَقَلَّ مِنْ ذَلِكَ وَاهْدِنِي الصِّرَاطَ الْمُسْتَقِيمَ صِرَاطَ اللّٰهِ الَّذِي لَهُ مَافِى السَّمٰوَاتِ وَمَا فِي

الْأَرْضِ أَلاَ إِلَى اللّٰهِ تَصِيرُ الْأُمُورُ وَلاَحَوْلَ وَلاَ قُوَّةَ إِلاَّ بِاللّٰهِ الْعَلِيِّ الْعَظِيمِ

**تەرجىمىسى:** ئى ئاللاھ! مەن سەندىن رىزقى ئىشىمنى ئاسان قىلىشىڭنى ۋە مېنى رىزقى تەلەپ قىلىشتا ھېرىسمەنلىكتىن ۋە ھېرىپ-چارچاپ كېتىشتىن ساقلىشىڭنى، ئۇنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى غەم-قايغۇنىڭ كۆپلۈكىدىن ۋە رىزقىغا ئېرىشكەندىن كېيىن پېخسىقلىقتىن مېنى ساقلىشىڭنى سورايمەن. ئۇنى ساڭا قۇلچىلىق قىلىشنى بەرپا قىلىشنىڭ، پەرۋەردىگارلىقىڭنى مۇلاھىزە قىلىشىمنىڭ سەۋەبى قىلغىن، مېنىڭ ئىشلىرىمنىڭ

ھەممىسىگە پەزلى-كەرىمىڭ بىلەن ئۆزۈڭنىڭ ئىگە بولۇشىڭنى، كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە بەلكى ئۇنىڭدىن ئاز ۋاقىتتىمۇ مېنى ئۆز نەپسى-خاھىشىمغا قويۇۋەتمەسلىكىڭنى تىلەيمەن. مېنى توغرا يولغا، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى شەيئىلەرنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھنىڭ يولىغا باشلىغىن. بىلىڭلاركى، ھەممە ئىش ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىدۇ. ئۇلۇغ-يۈكسەك ئاللاھنىڭ مەدىتى بولمىسا، قولىمىزدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ.

اَللّٰهُمَّ إِنَّا نَسْأَلُكَ مِنَ النِّعْمَةِ تَمَامَهَا وَمِنَ الرَّحْمَةِ شُمُولَهَا، وَمِنَ الْعَافِيَةِ دَوَامَهَا وَمِنَ

الْعَيْشِ أَرْغَدَهُ وَمِنَ الْعُمْرِ أَسْعَدَهُ وَمِنَ الْإِحْسَانِ أَتَمَّهُ وَمِنَ الْإِنْعَامِ أَعَمَّهُ وَمِنَ الْعَمَلِ أَصْلَحَهُ وَمِنَ الْعِلْمِ أَنْفَعَهُ وَمِنَ الرِّزْقِ أَوْسَعَهُ

**تەرجىمىسى:** ئى ئاللاھ! سەندىن تولۇق نېمىتىڭنى، ئومۇمىي رەھمىتىڭنى، ئۈزۈلمەس ئامانلىقنى، كەڭتاشا تۇرمۇشنى، بەختىيار ئۆمۈرنى، تولۇق ئېھساننى، كەڭ ئىنئامىڭنى، ئەڭ ياخشى ئەمەلنى، ئەڭ پايدىلىق ئىلىمنى ۋە كەڭ رىزقنى تىلەيمىز.

اَللّٰهُمَّ إِنِّي ضَعِيفٌ فَقَوِّنِي فِي رِضَاكَ وَخُذْ إِلَى الْخَيْرِ بِنَاصِيَتِي وَاجْعَلِ الْإِسْلَامَ مُنْتَهَى رِجَائِي

**تەرجىمىسى:** ئى ئاللاھ! ھەقىقەتەن مەن ئاجىزمەنكى سېنىڭ رازىلىقىڭ يولىدا مېنى كۈچلۈك قىلغىن، ياخشىلىق تەرەپكە بۇراپ مېنىڭ كوكۇلامنى ئۇشلىغىن، ئىسلام دىنىنى ئۈمىدىمىنىڭ غايىسى قىلغىن.

**اَللّٰهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ النَّعِيمَ يَوْمَ الْعَيْلَةِ وَالْامْنَ يَوْمَ الْخَوْفِ**

**تەرجىمىسى:** ئى ئاللاھ! سەندىن نامراتلىق كۈندە نېمەت بېرىشىڭنى، قورقۇنچلۇق كۈندە ئامانلىق بېرىشىڭنى تىلەيمەن.

**اَللّٰهُمَّ إِنِّى عَائِذٌ بِكَ مِنْ شَرِّ مَا أَعْطَيْتَنَا وَمِنْ شَرِّ مَا مَنَعْتَنَا**

**تەرجىمىسى:** ئى ئاللاھ! شۈبھىسىزكى، مەن ساڭا سىغىنىپ ماڭا بەرگەن نېمەتلىرىڭنىڭ يامانلىقىدىن، مەھرۇم قىلغان نەرسىلىرىڭنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن.

**اَللّٰهُمَّ حَبِّبْ إِلَيْنَا الْإِيْمَانَ وَزَيِّنْهُ فِي قُلُوبِنَا وَكَرِّهْ إِلَيْنَا الْكُفْرَ وَالْفُسُوقَ وَالْعِصْيَانَ وَاجْعَلْنَا مِنَ الرَّاشِدِينَ**

**تەرجىمىسى:** ئى ئاللاھ! بىزگە ئىماننى قىزغىن سۆيگۈزگىن، ئۇنى دىلىمىزدا كۆركەم قىلغىن، بىزگە كۇپرىنى، پىسقىنى ۋە گۇناھنى يامان كۆرسەتكىن، بىزنى توغرا يولدا بولغۇچىلاردىن قىلغىن.

«اَللّٰهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ خَيْرَالْمَسْأَلَةِ وَخَيْرَ الدُّعَاءِ وَخَيْرَ النَّجَاحِ وَخَيْرَ الْعَمَلِ وَخَيْرَ الثَّوابِ وَخَيْرَ الْحَيَاةِ وَخَيْرَ الْمَمَاتِ وَثَبِّتْنِي وَثَقِّلْ مَوَازِينِي وَحَقِّقْ إِيْمَانِي وَارْفَعْ دَرَجَاتِي وَتَقَبَّلْ صَلاَتِي وَاغْفِرْ خَطِيئَتِي وَأَسْأَلُكَ الدَّرَجَاتِ الْعُلَى مِنَ الْجَنَّةِ اَللّٰهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ فَوَاتِحَ الْخَيْرِ وَخَوَاتِمَهُ وَجَوامِعَهُ وَأَوَّلَهُ وَظَاهِرَهُ وَبَاطِنَهُ وَالدَّرَجَاتِ الْعُلَى مِنَ الْجَنَّةِ اٰمِينْ اَللّٰهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ خَيْرَ مَاآتِي وَخَيْرَ مَاأَفْعَلُ وَخَيْرَمَا أَعْمَلُ وَخَيْرَ مَابَطَنَ وَخَيْرَ مَاظَهَرَ وَالدَّرَجَاتِ الْعُلَى مِنَ الْجَنَّةِ اٰمِينْ اَللّٰهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ أَنْ تَرْفَعَ ذِكْرِي وَتَضَعَ وِزْرِي وَتُصْلِحَ

أَمْرِي وَتُطَهِّرَ قَلْبِي وَتُحَصِّنَ فَرْجِي وَتُنَوِّرَ قَلْبِي وَتَغْفِرَ لِي ذَنْبِي وَأَسْأَلُكَ الدَّرَجَاتِ الْعُلَى مِنَ الْجَنَّةِ اٰمِينْ اَللّٰهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ أَنْ تُبَارِكَ فِي نَفْسِي وَفِي سَمْعِي وَفِي بَصَرِي وَفِي رُوحِي وَفِي خَلْقِي وَفِي خُلُقِي وَفِي أَهْلِي وَفِي مَحْيَايَ وَفِي مَمَاتِي وَفِي عَمَلِي فَتَقَبَّلْ حَسَنَاتِي وَأَسْأَلُكَ الدَّرَجَاتِ الْعُلَى مِنَ الْجَنَّةِ اٰمِينْ

**تەرجىمىسى:** ئى ئاللاھ! شۈبھىسىزكى، مەن سەندىن ھاجەتنىڭ ياخشىسىنى، دۇئانىڭ ياخشىسىنى، مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ياخشىسىنى، ئىشنىڭ ياخشىسىنى، ئەمەلنىڭ ياخشىسىنى، ساۋابنىڭ ياخشىسىنى، ھاياتنىڭ

ياخشىسنى ۋە ئۆلۈمنىڭ ياخشىسنى تىلەيمەن.
مېنىڭ (ئىمانىمنى) مۇستەھكەم قىلغىن.
(ئەمەللىرىمنى تارتىدىغان) تارازىنى
ئېغىر قىلغىن. خاتالىقىمنى كەچۈرگىن،
سەندىن جەننەتنىڭ ئالىي دەرىجىلىرىنى
سورايمەن. ئى ئاللاھ! ياخشىلىقلارنىڭ
دەسلىپىنى، تۈگەنچىسىنى، غوللۇقلىرىنى،
ئىچكى ۋە تاشقىرىلىرىنى، جەننەتنىڭ
يۇقىرى مەرتىۋىلىرىنى سورايمەن، ئامىن.
ئى ئاللاھ! مەن ھەقىقەتەن
سەندىن قىلىدىغان ئىشلىرىمنىڭ ياخشىلىرىنى،
ئۇلارنىڭ مەخپىي ۋە ئاشكارا بولغانلىرىنىڭ
ياخشىلىرىنى ۋە جەننەتنىڭ ئۈستۈن

ماقاملىرىنى تىلەيمەن، ئامىن. ئى ئاللاھ! مەن ھەقىقەتەن سەندىن نامىمنى يۇقىرى قىلىشىڭنى، گۇناھىمنى تۆۋەن قىلىشىڭنى، ئىشىمنى ياخشىلىشىڭنى، قەلبىمنى پاك قىلىشىڭنى، جان يېرىمنى ئىپپەتلىك قىلىشىڭنى، دىلىمنى نۇرلاندۇرۇشۇڭنى، گۇناھىمنى كەچۈرۈشۈڭنى تىلەيمەن ۋە جەننەتنىڭ ئالىي دەرىجىلىرىنى تىلەيمەن، ئامىن. ئى ئاللاھ! مەن ھەقىقەتەن سەندىن نەپسىمگە، قۇلۇغىمغا، كۆزۈمگە، روھىمغا، يارىتىلىشىمغا، ئەخلاقىمغا، ئەھلى-ئەۋلادلىرىمغا، ھايات-ماماتلىقىمغا ۋە ئەمەللىرىمگە بەرىكەت ئاتا قىلىشىڭنى

تىلەيمەن، مېنىڭ ياخشى ئەمەللىرىمنى قوبۇل قىلغىن. سەندىن جەننەتنىڭ ئالىي دەرىجىلىرىنى سورايمەن، ئامىن.

اَللّٰهُمَّ اغْفِرْ لِي وَاهْدِنِي وَارْزُقْنِي وَعَافِنِي أَعُوذُ بِاللّٰهِ مِنْ ضِيقِ الْمَقَامِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ

تەرجىمىسى: ئى ئاللاھ! مېنى مەغپىرەت قىلغىن، مېنى ھىدايەت قىلغىن، ماڭا رىزقى بەرگىن، مېنى ئامان قىلغىن، ئاللاھقا سېغىنىپ قىيامەت كۈنىدە ئورنۇمنىڭ تار بولۇپ قېلىشىدىن پاناھ تىلەيمەن.

اَللّٰهُمَّ إِنِّى أَعُوذُ بِكَ مِنَ الْهَدْمِ وَأَعُوذُ بِكَ مِنَ التَّرَدِّى وَأَعُوذُبِكَ مِنَ الْغَرَقِ وَالْحَرَقِ

وَالْهَرَمِ وَأَعُوذُ بِكَ أَنْ يَتَخَبَّطَنِى الشَّيْطَانُ عِنْدَ الْمَوْتِ وَأَعُوذُ بِكَ أَنْ أَمُوتَ فِى سَبِيلِكَ مُدْبِرًا وَأَعُوذُ بِكَ أَنْ أَمُوتَ لَدِيغًا

تەرجىمىسى: ئى ئاللاھ! ساڭا سىغىنىپ (تامغا ئوختاش) بىرەر نەرسە بېسۋېلىپ ئۆلۈشتىن، (تاغقا ئوختاش ئېگىز) جايدىن چۈشۈپ كېتىپ ئۆلۈشتىن، سۇدا غەرق بولۇپ ئۆلۈشتىن، (ئوتتا) كۆيۈپ ئۆلۈشتىن ۋە بەك قېرىپ كېتىشتىن پاناھ تىلەيمەن. ساڭا سىغىنىپ ئۆلىدىغان چاغدا، مېنى شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشىدىن پاناھ تىلەيمەن، ساڭا سىغىنىپ سېنىڭ يولۇڭدا ئارقىغا چېكىنىپ ئۆلۈشتىن پاناھ

تىلەيمەن، ساڭا سېغىنىپ (يىلان، چايانغا ئوخشاش) زەھەرلىك نەرسىلەرنىڭ چېقىۋېلىشى بىلەن ئۆلۈشتىن پاناھ تىلەيمەن.

اَللّٰهُمَّ رَبَّ السَّمٰوَاتِ السَّبْعِ وَمَا أَظَلَّتْ وَرَبَّ الْاَرْضِيْنَ وَمَاأَقَلَّتْ وَرَبَّ الشَّيَاطِيْنِ وَمَاأَضَلَّتْ كُنْ لِي جَارًامِنْ شَرِّ خَلْقِكَ كُلِّهِمْ جَمِيعًا أَنْ يَفْرُطَ عَلَيَّ اَحَدٌ أَوْ أَنْ يَبْغِي عَلَيَّ عَزَّ جَارُكَ وَجَلَّ ثَنَاؤُكَ وَلا إِلٰهَ غَيْرُكَ وَلاَ إِلٰهَ إِلاَّ أَنْتَ

**تەرجىمىسى:** ئى يەتتە ئاسماننىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ! ۋە ئاسمانلارنىڭ ئاستىدىكى شەيئىلەرنىڭ ۋە زېمىنلارنىڭ

ۋە ئۇنىڭ ئۇستىدىكى شەيئىلەرنىڭ پەرۋەردىگارى، شەيتانلارنىڭ ۋە شەيتان ئازدۇرغانلارنىڭ پەرۋەردىگارى، بارلىق مەخلۇقاتىڭنىڭ شەررىدىن ماڭا پاناھ بولغىنىكى، بىرەر ئادەم ماڭا ھەددىدىن ئاشمىغاي ياكى زۇلۇم قىلمىغاي، ساڭا ئىلتىجا قىلغان ئادەم غالىبدۇر، سېنىڭ مەدھىيەڭ ئۇلۇغدۇر، سەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، پەقەت سەنلا بىر ئىلاھ سەن. (بۇ دۇئانى، ئۇيقۇسىزلىق كېسىلىگە دۇچار بولۇپ قالغان ئادەم ئوقۇيدۇ.)

قَالَ النَّبِيُّ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مَنْ

قَالَ لاَ إِلٰهَ إِلاَّ اللّٰهُ وَاللّٰهُ أَكْبَرُ صَدَّقَهُ رَبُّهُ فَقَالَ لاَ إِلٰهَ إِلاَّأَنَا وَأَنَا أَكْبَرُ وَإِذَا قَالَ لاَإِلٰهَ إِلاَّ إِللّٰهُ وَحْدَهُقَالَ لاَإِلٰهَ إِلاَّأَنَا وَحْدِي وَإِذَاقَالَ لاَإِلٰهَ إِلاَّاللّٰهُ وَحْدَهُ لاَشَرِيكَ لَهُقَالَ اللّٰهُ لاَإِلٰهَ إِلاَّأَنَا وَحْدِي لاَشَرِيكَ لِي وَاِذَاقَالَ لاَإِلٰهَ إِلاَّاللّٰهُ لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ قَالَ لاَإِلٰهَ إِلاَّأَنَا لِيَ الْمُلْكُ وَلِيَ الْحَمْدُ وَاِذَاقَالَ لاَإِلٰهَ إِلاَّ اللّٰهُ وَلاَحَوْلَ وَلاَ قُوَّةَ إِلاَّ بِاللّٰهِ قَالَ لاَإِلٰهَ إِلاَّ أَنَا وَلاَحَوْلَ وَلاَ قُوَّةَ إِلاَّ بِي وَكَانَ يَقُولُ مَنْ قَالَهَا فِي مَرَضِهِثُمَّ مَاتَ لَمْ تَطْعَمْهُ النَّارُ

**تەرجىمىسى:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى ‹ بىر ئاللاھتىن

باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، ئاللاھ ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر 》 دېسە پەرۋەردىگارى ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ مۇنداق دەيدۇ: 《 مەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، مەن ئەڭ ئۇلۇغمەن 》. بەندە: 《 يالغۇز بىر ئاللاھدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر 》 دېسە، ئاللاھ: 《 يالغۇز مەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر 》 دەيدۇ. بەندە: 《 يالغۇز بىر ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭ شېرىكى يوقتۇر 》 دېسە، ئاللاھ: 《 يالغۇز مەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، مېنىڭ ھېچ شېرىكىم يوقتۇر 》 دەيدۇ، بەندە 《 بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ

يوقتۇر، پۈتۈن سەلتەنەت ئاللاھقا خاستۇر، جىمى ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇر 〉 دېسە، ئاللاھ: 〈 مەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، پۈتۈن سەلتەنەت ۋە جىمى ھەمدۇسانا ماڭا خاستۇر 〉 دەيدۇ. بەندە: 〈 بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھنىڭ مەدىتى بولمىسا، ھېچبىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ 〉 دېسە، ئاللاھ: 〈 پەقەت مەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ھەر قانداق ئىش پەقەت مېنىڭ مەدەت قىلىشىم بىلەنلا ۋۇجۇدقا چىقىدۇ 〉 دەيدۇ». يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى

كېسەللىكىدە بۇ دۇئانى ئوقۇپ ئاندىن ۋاپات قىلسا، دوزاختىن نىجات تاپىدۇ دېگەن ».

(ئاغرىق ئادەم بۇ دۇئانى بىرقانچە قېتىم تەكرار ئوقۇشى كېرەك. بۇ دۇئا ساپ تەۋھىدتىن ئىبارەت بولۇپ، ئەڭ ياخشىسى ئۇنى كۆندۈزدىمۇ، كېچىدىمۇ ئوقۇش لازىم.)

اَللّٰهُمَّ رَبَّ السَّمٰوَاتِ السَّبْعِ وَرَبَّ الْعَرْشِ الْعَظِيمِ رَبَّنَاوَرَبَّ كُلِّ شَيْءٍ مُنْزِلَ التَّوْرَاةِ وَالْاِنْجِيلِ وَالْقُرْاٰنِ فَالِقَ الْحَبِّ وَالنَّوٰى أَعُوذُبِكَ مِنْ شَرِّكُلِّ شَيْءٍ أَنتَ اٰخِذٌ بِنَاصِيَتِهِ أَنْتَ الْاَوَّلُ فَلَيْسَ قَبْلَكَ شَيْءٌ وَأَنْتَ الْاٰخِرُ فَلَيْسَ

بَعْدَكَ شَىْءٌ وَأَنْتَ الظَّاهِرُ فَلَيْسَ فَوْقَكَ شَىْءٌ وَأَنْتَ الْبَاطِنُ فَلَيْسَ دُونَكَ شَىْءٌ اِقْضِ عَنِّى الدَّيْنَ وَأَغْنِنِي مِنَ الْفَقْرِ

**تەرجىمىسى:** يەتتە ئاسماننىڭ پەرۋەردىگارى، ئۇلۇغ ئەرشىنىڭ پەرۋەردىگارى، بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىز ۋە ھەممە نەرسىنىڭ پەرۋەردىگارى ئى ئاللاھ! تەۋرات، ئىنجىل ۋە قۇرئانلارنى نازىل قىلغۇچى، دانلارنى ۋە ئۇرۇقلارنى بىخلاندۇرغۇچى ساڭا سىغىنىپ، سېنىڭ ئىلكىڭدە بولغان ھەرقانداق نەرسىنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن، سېنىڭ ئىپتىدائىڭ يوقتۇر، سەندىن بۇرۇن ھېچ

نەرسە بولغان ئەمەس، سېنىڭ ئىنتىھايىڭ يوقتۇر، سەندىن كېيىن بىرنەرسە بولمايدۇ، سەن ئاشكارادۇر — سەنكى، سېنىڭ ئۈستۈڭدە ھېچ نەرسە يوقتۇر، سەن مەخپىيدۇرسەن (يەنى سېنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدۇ، زاتىڭنىڭ ماھىيىتىنى تونۇشقا ئەقىللەر ئېرىشەلمەيدۇ)، سېنىڭ ئالدىڭدا ھېچ نەرسە يوقتۇر، مېنى قەرزدىن خالاس قىلغىن، مېنى كەمبەغەللىكتىن قۇتقۇزۇپ باي قىلغىن.

اَللّٰهُمَّ طَهِّرْنِي مِنَ الذُّنُوبِ وَالْخَطَايَا اَللّٰهُمَّ نَقِّنِي مِنْهَا كَمَا يُنَقَّى الثَّوْبُ الْاَبْيَضُ مِنَ الدَّنَسِ اَللّٰهُمَّ طَهِّرْنِي بِالثَّلْجِ وَالْبَرَدِ

وَالْمَاءِ الْبَارِدِ

تەرجىمىسى: ئى ئاللاھ! مېنى گۇناھلاردىن ۋەخاتالىقلاردىن پاك قىلغىن، مېنى ئۇلاردىن خۇددى ئاق كىيىمنى كىردىن تازىلىغاندەك تازىلىغىن، ئى ئاللاھ! مېنى قار بىلەن، تولا بىلەن ۋە سوغۇق سۇ بىلەن تازىلىغىن.

اَللّٰهُمَّ قِنِي شَرَّنَفْسِي وَاعْزِمْ لِي عَلَى اَرْشَدِ أَمْرِي اَللّٰهُمَّ اغْفِرْ لِي مَا أَسْرَرْتُ وَمَا أَعْلَنْتُ وَمَا أَخْطَأْتُ وَمَاعَمَدْتُ وَمَا عَلِمْتُ وَمَا جَهِلْتُ

تەرجىمىسى: ئى ئاللاھ! مېنى نەپسىمنىڭ شەررىدىن ساقلىغىن، ئىشىمنىڭ

ئەڭ توغرىسىنى قىلىشقا ماڭا ئىرادە بېغىشلىغىن. ئى ئاللاھ! مېنىڭ يوشۇرۇن قىلغانلىرىمنى، ئاشكارا قىلغانلىرىمنى، خاتا قىلغانلىرىمنى، قەستەن قىلغانلىرىمنى، بىلىپ قىلغانلىرىمنى، بىلمەي قىلغانلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن.

رَبِّ أَنْتَ الَّذِي خَلَقْتَنِي وَأَنْتَ الَّذِي تَهْدِيْنِي وَأَنْتَ الَّذِي تُطْعِمُنِي وَتَسْقِينِي وَإِذَا مَرِضْتُ فَأَنْتَ الَّذِي تَشْفِيْنِي وَأَنْتَ الَّذِي تُمِيْتُنِي ثُمَّ تُحْيِيْنِي رَبِّ اغْفِرْ لِي خَطِيْئَتِي يَوْمَ الدِّيْنِ

تەرجىمىسى: پەرۋەردىگارىم سەن مېنى ياراتتىڭ، سەن مېنى ھىدايەت

قىلسەن. سەن مېنى تاماق ۋە سۇ بىلەن تەمىنلەيسەن. كېسەل بولسام سەن شىپالىق بېرىسەن. سەن مېنى قەبرى روھ قىلىپ، قىيامەت كۈنى يەنە تىرىلدۈرىسەن. پەرۋەردىگارىم قىيامەت كۈنى مېنىڭ خاتالىقلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن.

اَللّٰهُمَّ فَارِجَ الْهَمِّ وَكَاشِفَ الْغَمِّ مُجِيبَ دَعْوَةِ الْمُضْطَرِّينَ رَحْمٰنَ الدُّنْيَا وَالْاٰخِرَةِ وَرَحِيمَهُمَا أَنْتَ تَرْحَمُنِي فَارْحَمْنِي بِرَحْمَةٍ تُغْنِيْ بِهَا عَنْ رَحْمَةِ مَنْ سِوَاكَ

تەرجىمىسى: ئى غەم-قايغۇنى كۆتۈرۈۋەتكۈچى ئاللاھ! بېشىغا كۈن

كەلگەنلەر دۇئاسىنى ئىجابەت قىلغۇچى،
دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە شەپقەت قىلغۇچى
مېھرىبان زات، سەن ماڭا رەھمى قىلغۇچسەن،
ماڭا شۇنداق رەھمى قىلغىنكى، سېنىڭ
قىلغان رەھمىتىڭ بىلەن باشقىلارنىڭ رەھمى
قىلىشىغا ھاجىتىم چۈشمىگەي.

(ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت
قىلىندۇكى، ئۇ: ئابا بەكرى مېنىڭ يېنىمغا
كىرىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا
شۇنداق بىر دۇئا ئۆگىتىپ قويدىكى، ئۇنى
ئىسا ئەلەيھىسسالام ھەمراھلىرىغا ئۆگىتىپ
قويغانىكەن: «بىرەر كىشىنىڭ بىر تاغ
ئالتۇندەك قەرزى بولسىمۇ، بۇ دۇئانى
ئوقۇسا ئۇنى ئاللاھتائالا قەرزدىن خالاس

قىلدۇ » دېگەن دەپ ئېيتقان) .

اَللّٰهُمَّ صَلِّ عَلٰى مُحَمَّدٍ عَبْدِكَ وَرَسُولِكَ وَصَلِّ عَلَى الْمُؤْمِنِيْنَ وَالْمُؤْمِنَاتِ وَالْمُسْلِمِيْنَ وَالْمُسْلِمَاتِ

تەرجىمىسى: ئى ئاللاھ! سېنىڭ بەندەڭ ۋە پەيغەمبىرىڭ مۇھەممەدكە رەھمەت قىلغىن، ئەر-ئايال مۆمىن ۋە ئەر-ئايال مۇسۇلمانلارغا رەھمەت قىلغىن.

(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « قايسىبىر مۇسۇلمان سەدىقە بېرىدىغان نەرسە تاپالمىسا، مۇشۇ دۇئانى ئوقۇسا سەدىقە ئورنىدا بولىدۇ » دېگەن) .

# ئۈچىنچى، خاس دۇئالار

## ھەج مەۋسۇمىگە خاس دۇئالار

ھەج مەۋسۇمى باشتىن-ئاخىر دۇئا قىلىشنىڭ ياخشى مەزگىلى، دۇئا ئىجابەت بولىدىغان ئوبدان پەيت، ھەج قىلغۇچى كىشى بەيتۇللانى تاۋاپ قىلىۋېتىپمۇ، سەفا بىلەن مەرۋە ئارىسىدا سەئيى قىلىۋېتىپمۇ، ئەرەفاتتا تۇرغاندىمۇ ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىپ دۇئا-تەلەپتە بولىدۇ. دېمەك، ھەج مەۋسۇمىدە ھەممە جاي، ھەممە ۋاقىتتا دۇئا بىلەن مەشغۇل

بولىدۇ، ئاللاھتىن ئۆزىنىڭ مەقسەت-مۇرادىنى سوراپ قايسى دۇئانى ئوقۇسا بولىۋېرىدۇ. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان دۇئالار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوقۇغان ياكى ئوقۇشنى تەشەببۇس قىلغان كەڭ مەزمۇنلۇق دۇئالار بولۇپ، ھەج جەريانىدىكى ئۇلۇغ چاغلار ۋە ئۇلۇغ جايلاردا ئوقۇلۇشقا تېخىمۇ باپ كېلىدۇ. ھەج قىلغۇچى كىشىنىڭ قىلغان دۇئاسىنى ئاللاھتائالا ئىجابەت قىلىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسىدە «ئى ئاللاھ! ھاجىلارنى مەغپىرەت قىلغىن ۋە ھاجىلار مەغپىرەت قىلغان كىشىلەرگىمۇ مەغپىرەت قىلغىن» دېيىلگەن. مانا بۇ ھەدىستىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ

هاجىلارنىڭ قىلغان دۇئاسىنىڭ قوبۇل بولۇشىنى ئاللاھتىن تىلىگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

بىز تۆۋەندە پەقەت ھەج مەزگىلىدە مۇئەييەن جاي، مۇئەييەن ۋاقىتلاردا ئوقۇلىدىغان خاس دۇئالارنى بەرمەكچىمىز.

### ھەج قىلىشنى نىيەت قىلىش دۇئاسى:

اَللّٰهُمَّ إِنِّى أُرِيْدُ الْحَجَّ فَيَسِّرْهُ لِى وَتَقَبَّلْهُ مِنِّى

تەرجىمىسى: ئى ئاللاھ! مەن ھەجنى ئىرادە قىلدىم، ھەجنى ماڭا ئاسانلاشتۇرۇپ

بەرگىن، ئۇنى مەندىن قوبۇل قىلغىن.

## تەلبىيە دۇئاسى:

لَبَّيْكَ اللّٰهُمَّ لَبَّيْكَ لَبَّيْكَ لاَشَرِيْكَ لَكَ لَبَّيْكَ إِنَّ الْحَمْدَ وَالنِّعْمَةَ لَكَ وَالْمُلْكَ لاَ شَرِيْكَ لَكَ

**تەرجىمىسى:** مەن ھازىر بولدۇم، ئى ئاللاھ! مەن ھازىر بولدۇم، مەن ھازىربولدۇم، سېنىڭ ھېچقانداق شېرىكىڭ يوقتۇر، بارلىق ھەمدۇسانا، نېمەت ۋە پادىشاھلىق ساڭىلا خاستۇر، سېنىڭ ھېچقانداق شېرىكىڭ يوقتۇر.

**رۈكنى يەمانى بىلەن ھەجەرى ئەسۋەد ئارىلىقىدا ئوقۇلىدىغان دۇئا:**

رَبَّنَا اٰتِنَا فِي الدُّنْيَا حَسَنَةً وَفِي الْاٰخِرَةِ حَسَنَةً وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ

**تەرجىمىسى:** پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن.

**كەئبىنى تاۋاپ قىلىش جەريانىدا ئوقۇلىدىغان دۇئا:**

اَللّٰهُمَّ قَنِّعْنِي بِمَا رَزَقْتَنِي وَبَارِكْ فِيهِ

وَاخْلُفْ عَلَىَّ كُلَّ غَائِبَةٍ لِي بِخَيْرٍ

تەرجىمىسى: ئى ئاللاھ! ماڭا بەرگەن رىزقىڭغا مېنى قانائەت ھاسىل قىلدۇرغىن، رىزقىمدا ماڭا بەرىكەت ئاتا قىلغىن، قولۇمدىن كېتىپ ئېرىشىشىم مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلارنىڭ ئورنىنى ماڭا ياخشىلىق بىلەن تولدۇرۇپ بەرگىن.

تاۋاپ قۇدۇم (قەدەم كەلتۈرۈش تاۋاپى)دىن كېيىن ئوقۇلىدىغان دۇئا:

لاَ إِلٰهَ إِلاَّ اللّٰهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيْكَ لَهُ لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ يُحْيِى وَيُمِيْتُ وَهُوَحَيٌّ

لاَيَمُوْتُ بِيَدِهِ الْخَيْرُ وَهُوَعَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيْرٌ لاَ إِلٰهَ إِلاَّ اللّٰهُ وَلاَنَعْبُدُ إِلاَّ اِيَّاهُ مُخْلِصِيْنَ لَهُ الدِّيْنَ وَلَوْ كَرِهَ الْكَافِرُوْنَ لاَ إِلٰهَ إِلاَّ اللّٰهُ وَحْدَهُ أَنْجَزَ وَعْدَهُ وَنَصَرَ عَبْدَهُ وَهَزَمَ الْاَحْزَابَ وَحْدَهُ

تەرجىمىسى: يالغۇز بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭ شېرىكى يوقتۇر، ھەممە سەلتەنەت ۋە ھەمدۇسانا ئۇنىڭغا مەنسۇپتۇر، ئاللاھ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىدۇ، تىرىكلەرنى قەبزى روھ قىلىدۇ، ئاللاھ تىرىكتۇر، ئاللاھقا ئۆلۈم يۈزلەنمەيدۇ، ھەممە ياخشىلىق ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر، ئاللاھ ھەممە نەرسىگە

قادىردۇر، بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، دىنىمىزنى شېرىكتىن ساپ قىلغان ھالدا ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىمىز، كۇپپارلار بۇنى ياقتۇرمىغان تەقدىردىمۇ، بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر. ئاللاھ ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇردى، بەندىسىگە ياردەم بەردى، (قارشى كەلگەن جامائەلەرنى) يالغۇز مەغلۇپ قىلدى.

سەفا - مەرۋە ئوتتۇرىسىدا سەئيى قىلغاندا ئىككى يېشىل چىراغ ئارىسىدا ئوقۇلىدىغان دۇئا:

رَبِّ اغْفِرْ وَارْحَمْ أَنْتَ الْأَعَزُّ الْأَكْرَمُ

تەرجىمىسى: پەرۋەردىگارىم، مەغپىرەت قىلغىن، رەھىم قىلغىن، سەن بولساڭ ئەڭ غالىب، ئەڭ ھۆرمەتلىكسەن.

ئەرەفاتتا ئوقۇلىدىغان دۇئا:

اَللّٰهُمَّ اجْعَلْ فِي بَصَرِي نُوراً وَفِي سَمْعِي نُوراً وَاجْعَلْنِي مِمَّنْ تُبَاهِي بِهِ مَلاَئِكَتَكَ اَللّٰهُمَّ اشْرَحْ لِي صَدْرِي وَيَسِّرْلِي أَمْرِي اَللّٰهُمَّ إِنَّكَ تَسْمَعُ كَلاَمِي وَتَرَى مَكَانِي وَتَعْلَمُ سِرِّي وَعَلاَنِيَتِي لاَيَخْفَى عَلَيْكَ شَيْءٌ مِنْ أَمْرِي أَنَا الْبَائِسُ الْفَقِيرُ الْمُسْتَغِيثُ الْمُسْتَجِيرُ

الْمَغْرُورْ أَسْأَلُكَ مَسْأَلَةَ الْمِسْكِيْنِ وَاَبْتَهِلُ إِلَيْكَ ابْتِهَالَ الْمُذْنِبِ الذَّلِيْلِ وَاَدْعُوْكَ دُعَاءَ الْخَائِفِ الْحَقِيْرِمَنْ خَضَعَتْ لَكَ رَقَبَتُهُ وَفَاضَتْ لَكَ عَيْنَاهُ وَرَغِمَ لَكَ اَنْفُهُ لاَتَجْعَلْنِيْ بِدُعَائِكَ رَبِّ شَقِيًّا وَكُنْ بِي رَؤُوْفًا رَحِيْمًا يَاخَيْرَ مَسْئُولٍ وَيَا اَكْرَمَ مَأْمُولٍ

**تەرجىمىسى:** ئى ئاللاھ! مېنىڭ كۆزۈمنى ۋە قۇلىقىمنى نۇرلۇق قىلغىن، مېنى سېنىڭ پەرىشتىلىرىڭگە ئۆزۈڭ پەخرىي قىلىدىغانلارنىڭ قاتارىدا قىلغىن، ئى ئاللاھ! مېنىڭ كۆكسۈمنى كەڭ قىلغىن، ئىشىمنى ئاسان قىل، ئى ئاللاھ! سەن

مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاپ تۇرسەن، تۇرغان يېرىمنى كۆرۈپ تۇرسەن، مېنىڭ ئىچ-تېشىمنى بىلسەن، مېنىڭ ھېچبىر ئىشىم سەندىن يوشۇرۇن ئەمەس، مەن بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالغان موھتاج بەندىمەن. مەن ساڭا پەرياد قىلغۇچى، پاناھىڭغا ئۆزىنى ئالغۇچى ئالدانغان قۇلۇڭمەن، مىسكىن بەندەڭگە ئوخشاش سەندىن تىلەيمەن، ساڭا خار گۇناھكار بەندەڭگە ئوخشاش نالە قىلىمەن، مەن ساڭا قورقۇمسىراپ تۇرغان ئەرزىمەس بەندەڭگە ئوخشاش دۇئا قىلىمەن، ئۇ شۇنداق بەندەڭكى، ئۇنىڭ بويىنى ساڭا ئېگىلگەن، ئىككى

كۆزى سەن ئۇچۇن ئاققان، سېنىڭ ئۇچۇن ئۇنىڭ بۇرنى توپىغا مىلەنگەن. ئى ئاللاھ! مېنى بۇ تەلپىمدە مەھرۇملاردىن قىلمىغىن، سەن ئۆزۈڭ ماڭا مېھرىبان، مەرھەمەتلىك بولغىن، ئى ئەڭ ياخشى ھاجەت راۋا قىلغۇچى ۋە كەرەملىك زات!

(ئابدۇللا ئىبنى ئابباسنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، بۇ دۇئانى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەرەفاتتا ئوقۇغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى مۇبارەك قولىنى كۆكسىنىڭ ئۇدۇلىغا كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، مىسكىن ئادەم نان تىلىگەندەك زارلىنىپ تۇرۇپ، ئاللاھقا يالۋۇرغان ھالدا مەزكۇر دۇئانى ئوقۇغان.)

شەيتانغا تاش ئاتقاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا:

اَللّٰهُ أَكْبَرُ اَللّٰهُمَّ اجْعَلْهُ حَجًّا مَبْرُوْرًا اَوْ ذَنْبًا مَغْفُوْرًا

تەرجىمىسى: ئاللاھ ئۇلۇغدۇر، ئى ئاللاھ! ھەجىمنى مەقبۇل ھەج قىلغايسەن، گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغايسەن.

زەمزەم سۈيى ئىچكەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا:

اَللّٰهُمَّ إِنِّى أَسْأَلُكَ عِلْمًا نَافِعًا وَ رِزْقًا وَاسِعًا وَشِفَاءً مِنْ كُلِّ دَاءٍ

تەرجىمىسى: ئى ئاللاھ! مەن سەندىن پايدىلىق ئىلىمنى، كەڭ رىزقنى ۋە ھەر كېسەلدىن شىپالىقنى تىلەيمەن.

تۈرلۈك ھاللاردا ۋە چاغلاردا ئوقۇلىدىغان خاس دۇئالار

بامدات ۋە شام نامىزىدىن كېيىن ئوقۇلىدىغان دۇئا:

اَللّٰهُمَّ أَجِرْنِي مِنَ النَّارِ

تەرجىمىسى: ئى ئاللاھ! مېنى دوزاختىن قۇتقۇزغىن.

(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « بامدات

نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، ھېچ كىشىگە گەپ قىلماستىن يەتتە قېتىم بۇ دۇئانى ئوقۇساڭ، شۇ كۈنى ۋاپات قىلىدىغان بولساڭ ئاللاھ سېنىڭ دوزاختىن خالاس تاپقانلىقىڭنى پۈتىدۇ. شام نامىزىدىن كېيىن ھېچ ئادەمگە گەپ قىلماستىن ئۇ دۇئانى ئوقۇساڭ، شۇ كېچىسى ۋاپات قىلىدىغان بولساڭ، ئاللاھ سېنىڭ دوزاختىن خالاس تاپقانلىقىڭنى پۈتىدۇ» دېگەن).

ئەتىگەندە ۋە ئاخشىمى ئوقۇلىدىغان دۇئالار:

اَللّٰهُمَّ مَا أَصْبَحَ بِي مِنْ نِعْمَةٍ أَوْ بِأَحَدٍ

**مِنْ خَلْقِكَ فَمِنْكَ وَحْدَكَ لاَشَرِيكَ لَكَ فَلَكَ الْحَمْدُ وَلَكَ الشُّكْرُ عَلَى ذَلِكَ**

**تەرجىمىسى:** ئى ئاللاھ! ماڭا ياكى مەخلۇقاتلىرىڭدىن بىرەرسىگە بېرىلگەن ھەرقانداق نېمەت يالغۇز سەن تەرەپتىن بېرىلگەن بولىدۇ. شېرىكىڭ يوق، بەرگەن نېمىتىڭ ئۈچۈن ساڭا ھەمدۇ ئېيتىمىز، ساڭا شۈكۈر قىلىمىز.

(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى بۇ دۇئانى ئەتىگەندە ئوقۇيدىكەن، شۇ كۈننىڭ شۈكۈرانىسىنى ئادا قىلغان بولىدۇ. كىمكى بۇ دۇئانى ئاخشىمى ئوقۇيدىكەن، شۇ كېچىسىنىڭ

شۈكۈرانىسىنى ئادا قىلغان بولىدۇ »).

رَضِيْتُ بِاللّٰهِ رَبًّا وَبِالاِسْلاَمِ دِيْنًا وَبِمُحَمَّدٍ نَبِيًّا

**تەرجىمىسى:** ئاللاھنىڭ پەرۋەردىگارىم بولغانلىقىدىن، ئىسلامنىڭ دىنىم بولغانلىقىدىن، مۇھەممەدنىڭ پەيغەمبىرىم بولغانلىقىدىن مەمنۇن بولدۇم.

(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « كىمكى بۇ دۇئانى ئەتىگەندە ئۈچ قېتىم، ئاخشامدا ئۈچ قېتىم ئوقۇيدىكەن، قىيامەت كۈنى ئۇنى ئاللاھنىڭ رازى قىلىشى تېگىشلىك بولدى » دېگەن. يەنە بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « ئۇنىڭغا

جەننەت تېگىشلىك بولدى » دېگەن) .

اَللّٰهُمَّ أَنْتَ رَبِّى لاَ إِلَهَ إِلاَّ أَنْتَ عَلَيْكَ تَوَكَّلْتُ وَأَنْتَ رَبُّ الْعَرْشِ الْعَظِيمِ مَاشَاءَ اللّٰهُ كَانَ وَمَالَمْ يَشَأْ لَمْ يَكُنْ لاَحَوْلَ وَلاَقُوَّةَ إِلاَّ بِاللّٰهِ الْعَلِيِّ الْعَظِيمِ. أَعْلَمُ أَنَّ اللّٰهَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ. وَأَنَّ اللّٰهَ قَدْ أَحَاطَ بِكُلِّ شَيْءٍ عِلْماً. اَللّٰهُمَّ إِنِّي أَعُوذُبِكَ مِنْ شَرِّ نَفْسِي وَمِنْ شَرِّكُلِّ دَابَّةٍ أَنْتَ اٰخِذٌ بِنَاصِيَتِهَا. إِنَّ رَبِّي عَلَى صِرَاطٍ مُسْتَقِيمٍ

**تەرجىمىسى:** ئى ئاللاھ! سەن مېنىڭ پەرۋەردىگارىمسەن، سەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ساڭا تەۋەككۇل قىلدىم،

سەن ئۇلۇغ ئەرشنىڭ ئىگىسسەن، ئاللاھ خالىغان نەرسە بولىدۇ، خالىمىغان نەرسە بولمايدۇ، ئۇلۇغ، ئەڭ ئالىي ئاللاھنىڭ ياردىمى ۋە مەددىتى بولمىسا، ھېچبىر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايمىز. بىلىمەنكى، ئاللاھ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر. ئاللاھ ھەممە نەرسىنى تولۇق بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ئى ئاللاھ! ساڭا سېغىنىپ نەپسىمنىڭ شەررىدىن، سېنىڭ ئىگىدارچىلىقىڭدىكى ھەربىر جاندارنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن. شۈبھىسىز مېنىڭ پەرۋەردىگارىم توغرا يولدىدۇر.

(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى بۇ دۇئانى ئەتىگەندە، ئاخشامدا ئوقۇيدىكەن،

ئۇنىڭ ئۆزى، ئەھلى-ئەۋلادى ۋە مال-مۈلكى
بىرەر كۆڭۈلسىزلىككە ئۇچرىمايدۇ »دېگەن).

**كۈندۈزى ۋە كېچىسى ئوقۇلىدىغان دۇئا:**

**اَللّٰهُمَّ أَنْتَ رَبِّي لاَ إِلٰهَ إِلاَّ أَنْتَ خَلَقْتَنِي وَأَنَا عَبْدُكَ وَأَنَا عَلَى عَهْدِكَ ووَعْدِكَ مَا اسْتَطَعْتُ أَعُوذُبِكَ مِنْ شَرِّ مَاصَنَعْتُ أَبُوءُ لَكَ بِنِعْمَتِكَ عَلَيَّ وَأَبُوءُ بِذَنْبِى فَاغْفِرْلِي فَاِنَّهُ لاَيَغْفِرُ الذُّنُوبَ إِلاَّ أَنْتَ**

**تەرجىمىسى:** ئى ئاللاھ! سەن مېنىڭ
رەببىمسەن، سەندىن بۆلەك ئىلاھ يوق،
سەن مېنى ياراتتىڭ، مەن سېنىڭ

بەندەڭمەن، ساڭا ئىمان ئېيتىش ۋە ئىتائەت قىلىشتىن ئىبارەت بەرگەن ۋەدەمدە كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە بەرقارارمەن، ساڭا سېغىنىپ يامان قىلمىشلىرىمدىن پاناھ تىلەيمەن، سېنىڭ ماڭا بەرگەن نېمەتلىرىڭنى ئېتىراپ قىلىمەن، گۇناھلىرىمنى ئىقرار قىلىمەن، مېنى مەغپىرەت قىلغىن، گۇناھلىرىمنى پەقەت سەنلا مەغپىرەت قىلىسەن.

(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى يۇقىرىقى دۇئانى ئىخلاس بىلەن كۈندۈزى ئوقۇپ ئاندىن كەچ كىرگۈچە ئۆلسە، ئۇ ئەھلى جەننەتتىن بولىدۇ. كىمكى ئۇنى

ئىخلاس بىلەن كىچىسى ئۇقۇپ ئاندىن تاڭ سەھەردە ئۆلسە، ئۇ ئەھلى جەننەتتىن بولىدۇ، دېگەن. بۇ ھەدىسنىڭ مەزمۇنى شۇكى، نىيەتنىڭ دۇرۇس بولۇشى، ئاللاھقا يۈزلىنىش، ئەدەبلىك ھالەتتە بولۇش ئىستىغپارنىڭ شەرتلىرىدىن بولىدۇ، بۇ ھەدىستە يالغۇز بىر ئاللاھتىن ئىلاھ دەپ ئىقرار قىلىش، ئاللاھنىڭ ھەممىنى ياراتقۇچى ئىكەنلىكىنى، باشقىلارنىڭ ئاللاھقا قۇلچىلىق قىلىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىش، ئاللاھقا بەرگەن ۋەدىسىنى ئىقرار قىلىش، ئاللاھنىڭ بەندىسگە قىلغان ۋەدىلىرىنى ئۈمىد قىلىش، بەندىنىڭ ئۆزىگە قىلغان جىنايەتلىرىگە پاناھ تىلەش، نېمەتنى

ئاللاھتىن دەپ بىلىش، گۇناھنى ئۆزىدىن دەپ بىلىش، ئاللاھنىڭ مەغپىرىتىگە قىزىقىش، مەغپىرەتنىڭ پەقەت ئاللاھنىڭ قولىدىن كېلىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشلار جەملەنگەن، شۇڭا بۇ دۇئا سەييىدۇل ئىستىغپار 〈 ئىستىغپارلارنىڭ خوجىسى 〉 دەپ ئاتالغان).

دىشۋارچىلىقتا (ئېغىرچىلىقتا) يولۇققاندا ئوقۇلىدىغان دۇئالار:

لَاإِلٰهَ إِلاَّ اللّٰهُ الْعَظِيمُ الْحَلِيمُ لَاإِلٰهَ إِلاَّ اللّٰهُ رَبُّ السَّمٰوَاتِ وَالْأَرْضِ وَرَبُّ الْعَرْشِ الْعَظِيمِ

**تەرجىمىسى:** ئۇلۇغ، مەرھەمەتلىك بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، ئاسمان-زېمىننىڭ پەرۋەردىگارى ۋە ئۇلۇغ ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق.

(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ دۇئانى دىشۋارچىلىققا يولۇققاندا ئوقۇيتتى).

**بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ وَلاَ حَوْلَ وَلاَ قُوَّةَ اِلاَّ بِاللّٰهِ الْعَلِيِّ الْعَظِيْمِ**

**تەرجىمىسى:** ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن. ئۇلۇغ، ئۈستۈن ئاللاھنىڭ مەدىتى بولمىسا، قولۇمدىن ھېچ ئىش

كەلمەيدۇ.

(پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دېگەن: «قيىن ئەھۋالدا قالغان چېغىڭدا بۇنى ئوقۇغىن، ئاللاھ سېنىڭدىن خالىغان تۇرلۇك بالالارنى يىراق قىلىدۇ»).

**لاَ إِلٰهَ إِلاَّ أَنْتَ سُبْحَانَكَ إِنِّي كُنْتُ مِنَ الظَّالِمِيْنَ**

**تەرجىمىسى:** (پەرۋەردىگارىم) سەندىن بۆلەك ھېچ مەبۇد بەرھەق يوقتۇر. سەن (جىمى كەمچىلىكلەردىن) پاكتۇرسەن، مەن ھەقىقەتەن (ئۆز نەپسىمگە) زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم.

(پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق

دېگەن: « قىرىندىشىم يۇنۇسنىڭ دۇئاسى ئاجايىپ دۇئادۇر، ئۇنىڭ باش قىسمى تەھلىل ‹ بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق › دەپ ئېيتىش، ئوتتۇرا قىسمى تەسبىھ، ئاخىرقى قىسمى گۇناھىنى ئېتىراپ قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. غەمگە قالغان، دىشۋارچىلىققا يولۇققان، قەرزدار بولۇپ قالغان ئادەملەردىن قايسىبىرى ئۇنى كۈنىگە ئۈچ قېتىم ئوقۇپ دۇئا قىلسا، ئۇنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولماي قالمايدۇ ».

يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « بىرەر مۇسۇلمان ئادەم بۇنى ئوقۇپ دۇئا قىلسا، دۇئاسى ئىجابەت بولماي

قالمايدۇ » دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: « دۇنيا ئىشلىرىدىن بىرەر قايغۇ ياكى ھادىسە يۈزلەنگەن بىرسى، يۇنۇسنىڭ دۇئاسىنى ئوقۇسا، بېشىغا كەلگەن ئىش ئۇنىڭدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ » دېگەن).

حَسْبِيَ اللّٰهُ لاَ إِلٰهَ إِلاَّ هُوَ عَلَيْهِ تَوَكَّلْتُ وَهُوَ رَبُّ الْعَرْشِ الْعَظِيمِ

تەرجىمىسى: ئاللاھ ماڭا كۇپايە قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلدىم، ئۇ بۈيۈك ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر.

(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق

دېگەن: «كىشى بۇ دۇئانى ئەتىگەن، ئاخشامدا يەتتە قېتىمدىن ئوقۇسا، ئۇنىڭ ئىككىلا دۇنيالىق مۇھىم ئىشلىرىنى جۆندەپ بېرىشكە ئاللاھ يېتەرلىكتۇر») .

بِسْمِ اللّٰهِ الَّذِي لاَ يَضُرُّ مَعَ اسْمِهِ شَيْءٌ فِي الْأَرْضِ وَلاَفِي السَّمَاءِ وَهُوَ السَّمِيعُ الْعَلِيمُ

**تەرجىمىسى:** ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەنكى، ئاللاھنىڭ ئىسمى بار يەردە زېمىن ۋە ئاسماندىكى ھېچ نەرسە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

(پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق

دېگەن: «كىمكى بۇ دۇئانى ئاخشىمى ئۈچ قېتىم ئوقۇسا، تاڭ ئاتقۇچە تويۇقسىز بولىدىغان بالا-قازادىن ئەمىن بولىدۇ، كىمكى ئۇنى ئەتىگەندە ئوقۇسا، كەچ كىرگۈچە ئۇشتۇمتۇت بولىدىغان بالا-قازادىن ئەمىن بولىدۇ»).

لَاحَوْلَ وَلَا قُوَّةَ إِلَّا بِاللّٰهِ

**تەرجىمىسى:** ئاللاھنىڭ ياردىمى بولمىسا، قولىمىزدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ.

(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ ئېيتىدۇركى، ئۇممىتىڭگە ئېيتقىن، بۇ سۆزنى ئەتىگەندە ئون قېتىم، ئاخشامدا ئون قېتىم، ئۇخلايدىغان چاغدا

ئون قېتىم ئېيتسۇن، ئۇخلايدىغان چاغدا ئېيتسا، دۇنيانىڭ بالالىرى دەپئى قىلىنىدۇ. ئاخشامدا ئېيتسا، شەيتاننىڭ ھىيلە-مىكرىدىن ئەمىن بولىدۇ، ئەتىگەندە ئېيتسا، مېنىڭ يامان غەزىپىمدىن ئەمىن بولىدۇ »).

سُبْحَانَكَ اللّٰهُمَّ وَبِحَمْدِكَ أَشْهَدُ أَنْ لاَ إِلٰهَ إِلاَّ أَنْتَ أَسْتَغْفِرُكَ وَأَتُوبُ اِلَيْكَ

**تەرجىمىسى:** ئى ئاللاھ! سېنى پاك دەپ قارايمەن، ساڭا ھەمدۇسانا ئېيتىمەن، گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، سەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، سەندىن مەغپىرەت تىلەيمەن، ساڭا تەۋبە قىلىمەن.

(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق

دېگەن: «كىمكى بىرەر سورۇندا قالايمىقان سۆزلەپ، بىھۇدە سۆزلەرنى قىلغان بولسا، سورۇندىن تۇرۇپ كېتىشتىن بۇرۇن بۇ دۇئانى ئوقۇسا، سورۇندا ئۆتكەن گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ»).

أَعُوذُ بِكَلِمَاتِ اللّٰهِ التَّامَّاتِ مِنْ شَرِّ مَا خَلَقَ

**تەرجىمىسى:** نۇقسانسىز، مۇكەممەل كالامۇللاغا سىغىنىپ ئاللاھنىڭ مەخلۇقلىرىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن.

(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى بىرەر جايغا بارغاندا بۇ دۇئانى ئوقۇسا، ئۇ يەردىن كەتكەنگە قەدەر ئۇنىڭغا زىيان-زەخمەت يەتمەيدۇ» دېگەن).

غه م-قايغۇدا ئوقۇلىدىغان دۇئا:

اللّٰهُمَّ إِنِّي عَبْدُكَ إِبْنُ عَبْدِكَ إِبْنُ أَمَتِكَ نَاصِيَتِي بِيَدِكَ، مَاضٍ فِيَّ حُكْمُكَ، عَدْلٌ فِيَّ قَضَاؤُكَ أَسْأَلُكَ بِكُلِّ اسْمٍ هُوَ لَكَ سَمَّيْتَ بِهِ نَفْسَكَ أَوْ أَنْزَلْتَهُ فِي كِتَابِكَ، أَوْ عَلَّمْتَهُ أَحَدًا مِنْ خَلْقِكَ أَوِ اسْتَأْثَرْتَ بِهِ فِي عِلْمِ الْغَيْبِ عِنْدَكَ أَنْ تَجْعَلَ الْقُرْآنَ رَبِيعَ قَلْبِي، وَنُورَ صَدْرِي وَجَلَاءَ حُزْنِي وَذَهَابَ هَمِّي

تەرجىمىسى: ئى ئاللاھ! شۈبھىسىزكى، مەن سېنىڭ بەندەڭمەن، سېنىڭ بەندەڭنىڭ ئوغلىمەن، سېنىڭ ئايال

بەندەڭنىڭ ئوغلىمەن، مېنىڭ كوكۇلام سېنىڭ ئىلكىڭدىدۇر، سېنىڭ مېنىڭ ھەققىمدىكى ھۆكۈمىڭ ئىجرا بولغۇچىدۇر، مېنىڭ توغرامدىكى تەقدىرىڭ ئادىلدۇر. سەن ئۆزەڭنى ئاتىغان ياكى كىتابىڭدا نازىل قىلغان ياكى سېنىڭ ياراتقانلىرىڭدىن بىرەر نەرسىگە بىلدۈرگەن ياكى ئۇنى دەرگاھىڭدىكى غەيب ئىلمىڭغا خاس قىلغان ھەربىر ئىسمىڭنىڭ ھۆرمىتى بىلەن سورايمەنكى، قۇرئاننى قەلبىمنىڭ باھارى، كۆكرىكىمنىڭ نۇرى ۋە بېشىمدىكى غەم-قايغۇنى كۆتۈرۈۋېتىدىغان يورۇقلۇق قىلغايسەن.

بامدات نامىزىغا چىققاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا:

اَللّٰهُمَّ اجْعَلْ فِي قَلْبِي نُوراً وَفِي لِسَانِي نُوْرًا وَاجْعَلْ فِي سَمْعِي نُوْرًا وَاجْعَلْ فِي بَصَرِي نُوْرًا وَاجْعَلْ مِنْ خَلْفِي نُوْرًا وَمِنْ أَمَامِي نُوْرًا وَاجْعَلْ مِنْ فَوْقِي نُوْرًا وَمِنْ تَحْتِي نُوْرًا اَللّٰهُمَّ أَعْطِنِي نُوْرًا

**تەرجىمىسى:** ئى ئاللاھ! قەلبىمنى نۇر قىلغىن، تىلىمنى نۇر قىلغىن، قۇلىقىمنى نۇر قىلغىن، كۆزۈمنى نۇر قىلغىن، ئالدىمنى نۇر قىلغىن، ئارقامنى نۇر قىلغىن، ئۈستۈمنى نۇر قىلغىن، ئاستىمنى نۇر قىلغىن، ئى ئاللاھ! ماڭا نۇر ئاتا قىلغىن.

تاھارەت ئالغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئالار:

اَللّٰهُمَّ اجْعَلْنِي مِنَ التَّوَّابِيْنَ وَاجْعَلْنِي مِنَ الْمُتَطَهِّرِينَ

**تەرجىمىسى:** ئى ئاللاھ! مېنى تەۋبە قىلغۇچىلاردىن، پاك بولغۇچىلاردىن قىلغىن. (بۇ دۇئا تاھارەت ئېلىنىۋېتىپ ئوقۇلىدۇ).

أَشْهَدُ أَنْ لاَّ إِلٰهَ إِلاَّ اللّٰهُ وَحْدَهُ لاَشَرِيْكَ لَهُ وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّداً عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ

**تەرجىمىسى:** گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، يالغۇز بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭ شېرىكى يوقتۇر، گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ

بەندىسىدۇر ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىدۇر.

(بۇ دۇئا تاھارەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئوقۇلىدۇ).

ئەزاندىن كېيىن ئوقۇلىدىغان دۇئا:

اَللّٰهُمَّ رَبَّ هٰذِهِ الدَّعْوَةِ التَّامَّةِ وَالصَّلَاةِ الْقَائِمَةِ اٰتِ مُحَمَّدًا الْوَسِيْلَةَ وَالْفَضِيلَةَ وَابْعَثْهُ مَقَامًا مَحْمُودًا الَّذِي وَعَدْتَهُ

تەرجىمىسى: ئى كامىل ئەزانىنىڭ ۋە ھازىرقى نامازنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ! مۇھەممەدگە جەننەتتىكى يۇقىرى ئورۇننى ۋە ئالىي مەرتىۋىنى بەرگىن، مۇھەممەدنى

ئۇنىڭغا ۋەدە قىلغان بۈيۈك شاپائەت قىلىش ماقامىغا ئەۋەتكىن.

(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى ئەزاننى ئاڭلاپ بۇ دۇئانى ئوقۇسا، مېنىڭ شاپائىتىمگە ئېرىشىدۇ» دېگەن).

مەسچىتكە كىرىۋېتىپ ئوقۇلىدىغان دۇئا:

بِسْمِ اللّٰهِ وَالسَّلامُ عَلَى رَسُولِ اللّٰهِ، اَللّٰهُمَّ اغْفِرْلِي ذُنوبِي وَافْتَحْ لِي أَبْوَابَ رَحْمَتِكَ

**تەرجىمىسى:** ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، ئاللاھنىڭ رەسۇلى مۇھەممەد

ئەلەيھسسالامغا سالام، ئى ئاللاھ! مېنىڭ گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، ماڭا رەھمەت دەرۋازىلىرىڭنى ئېچىۋەتكىن.

مەسچىتتىن چىققاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا:

بِسْمِ اللّٰهِ وَالسَّلَامُ عَلَى رَسُولِ اللّٰهِ اَللّٰهُمَّ اغْفِرْلِي ذُنُوبِي وَافْتَحْ لِي أَبْوَابَ رَحْمَتِكَ

**تەرجىمىسى:** ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، ئاللاھنىڭ رەسۇلى مۇھەممەد ئەلەيھسسالامغا سالام، ئى ئاللاھ! مېنىڭ گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، ماڭا

پەزىلىگىنىڭ دەرۋازىلىرىنى ئېچىۋەتكىن.

ئىستىخارە دۇئاسى:

اَللّٰهُمَّ إِنِّي أَسْتَخِيرُكَ بِعِلْمِكَ وَأَسْتَقْدِرُكَ بِقُدْرَتِكَ وَأَسْأَلُكَ مِنْ فَضْلِكَ الْعَظِيمِ فَإِنَّكَ تَقْدِرُ وَلاَ أَقْدِرُ وَتَعْلَمُ وَلاَ اَعْلَمُ وَأَنْتَ عَلاَّمُ الْغُيُوبِ اَللّٰهُمَّ إِنْ كُنْتَ تَعْلَمُ أَنَّ هٰذَا الْأَمْرَ خَيْرٌ لِي فِي دِينِي وَمَعَاشِي وَعَاقِبَةِ أَمْرِي فَاقْدِرْهُ لِي وَيَسِّرْهُ لِي ثُمَّ بَارِكْ لِي فِيهِ وَإِنْ كُنْتَ تَعْلَمُ أَنَّ هٰذَا الْأَمْرَ شَرٌّ لِي فِي دِينِي وَمَعَاشِي وَعَاقِبَةِ أَمْرِي فَاصْرِفْهُ عَنِّي وَاصْرِفْنِي عَنْهُ وَاقْدُرْ لِيَ الْخَيْرَ حَيْثُ كَانَ ثُمَّ أَرْضِنِي بِهِ

**تەرجىمىسى:** ئى ئاللاھ! ماڭا بۇ ئىشتا قانداق قىلسام ياخشى بولىدىغانلىقىنى سېنىڭ ئىلمىڭ بىلەن تىلەيمەن، شۇ ئىشنى قىلىشقا ماڭا قۇدرىتىڭ بىلەن كۈچ-قۇۋۋەت بېرىشىڭنى تىلەيمەن، سېنىڭ ئۇلۇغ پەزلىڭدىن سورايمەن، چۈنكى ھەممىگە سەن قادىرسەن، مەن قادىر ئەمەسمەن. ھەممىنى سەن بىلسەن، مەن بىلمەيمەن. ھەممە غەيب ساڭا ناھايىتى ئايدىڭ. ئى ئاللاھ! ئەگەر سەن بۇ ئىشنىڭ مېنىڭ دىنىم، دۇنيالىقىم ئۈچۈن خەيرلىك بولىدىغانلىقىنى، ئىشنىڭ

ئاقىۋىتىنىڭ خەيرلىك بولىدىغانلىقىنى بىلسەڭ، ئۇ ئىشنى ماڭا مۇيەسسەر قىلىپ بەرگىن. ئەگەر بۇ ئىشنىڭ مېنىڭ دىنىم، دۇنيالىقىم ئۇچۇن زىيانلىق بولىدىغانلىقىنى بىلسەڭ، ئۇنى مەندىن ۋە مېنى ئۇنىڭدىن يىراق قىلغىن، شۇنىڭ بىلەن مېنى مەمنۇن قىلغىن.

(جابىر ئىبنى ئابدۇللا مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيهسسالام ئىشلىرىمىزدا ئىستىخارە قىلىشنى بىزگە خۇددى قۇرئان سۈرىلىرىنى تەلىم بەرگەندەك تەلىم بېرەتتى. رەسۇلۇللا: سىلەردىن بىركىم بىرەر ئىشنى قىلماقچى بولسا، ئىككى

رەكئەت ناماز ئوقۇپ، ئاندىن بۇ دۇئانى ئوقۇسۇن، دەيتتى ». يەنە جابىر: « دۇئا جەريانىدا ئۆزىنىڭ ھاجىتىنى ئېيتسۇن » دېگەن، دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يەنە بىر ھەدىسىدە « بىرەر ئىشنى قىلماقچى بولساڭ، يەتتە قېتىم ئىستىخارە قىلىپ، كۆڭلۈڭ قايسى تەرەپكە مايىل بولسا شۇنى قىلغىن »دېگەن).

ئۇخلاش ئالدىدا ئوقۇلىدىغان دۇئا:

بِاسْمِكَ اللّٰهُمَّ أَحْيَا وَأَمُوتُ

**تەرجىمىسى:** ئى ئاللاھ! ياشايدىكەنمەن، ئىسمىڭنى زىكرى قىلىپ ياشايمەن؛ ئۆلىدىكەنمەن، ئىسمىڭنى زىكرى قىلىپ ئۆلىمەن.

(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ دۇئانى ئاخشىمى ياتقاندا ئوقۇيتتى).

ئۇيقۇدىن ئويغانغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئالار:

**اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ الَّذِى أَحْيَانَا بَعْدَمَا أَمَاتَنَا وَإِلَيْهِ النُّشُورُ**

**تەرجىمىسى:** جىمى مەدھىيە بىزنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرىدىغان ئاللاھقا

مەنسۇپ، قىيامەت كۈنى يەنە ئاللاھ
تىرىلدۈرىدۇ.

رَبِّ اغْفِرْ وَارْحَمْ وَاهْدِ لِلسَّبِيلِ الْأَقْوَمِ

تەرجىمىسى: پەرۋەردىگارىم! مەغپىرەت قىلغىن، رەھىم قىلغىن ۋە توغرا يولغا باشلىغىن.

ئۇيقۇ قاچقاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا:

اَللّٰهُمَّ غَارَتِ النُّجُومُ وَهَدَأَتِ الْعُيُونُ وَأَنْتَ حَيٌّ قَيُّومٌ لَاتَأْخُذُكَ سِنَةٌ وَلَانَوْمٌ يَاحَيُّ يَاقَيُّومُ أَهْدِئْ لَيْلِي وَأَنِمْ عَيْنِي

تەرجىمىسى: ئى ئاللاھ! يۇلتۇزلار

تاردى، كۆزلەر ئۇيقۇغا كەتتى، سەن بولساڭ ھەمىشە تىرىكدۇرسەن، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىسەن، سەن مۈگدەپ قالمايسەن، سېنى ئۇيقۇ باسمايدۇ؛ ئى، ھەمىشە تىرىك زات! ئى، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى زات! كېچە مېنى جىمجىت قىلغىن، كۆزۈمنى ئۇيقۇغا كەتكۈزگىن.

(زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئۇيقۇم قېچىپ ئۇخلىيالماسلىقىمنى رەسۇلۇللاغا شىكايەت قىلغانىدىم، رەسۇلۇللا مېنى بۇ دۇئانى ئوقۇشقا بۇيرۇدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇيقۇم قېچىپ ئۇخلىيالمايدىغان ئىشىم تۈگىدى» دېگەن).

قارا بىسىپ، چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتكەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا:

أَعُوذُ بِكَلِمَاتِ اللّٰهِ التَّامَّةِ مِنْ غَضَبِهِ وَشَرِّ عِبَادِهِ وَمِنْ هَمَزَاتِ الشَّيَاطِينِ وَأَنْ يَحْضُرُونِ

تەرجىمىسى: ئاللاھنىڭ نۇقسانسىز كالامى قۇرئانغا سىغىنىپ ئاللاھنىڭ غەزىپىدىن، بەندىلەرنىڭ يامانلىقىدىن، شەيتانلارنىڭ ۋەسۋەسىلىرىدىن ۋە شەيتانلارنىڭ ماڭا ھەمراھ بولۇپ قېلىشىدىن پاناھ تىلەيمەن.

(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«سىلەرنى قارا باسىدىغان بولسا، بۇ دۇئانى ئوقۇپ يېتىڭلار» دېگەن).

**شەبى قەدرى كېچىسى ئوقۇلىدىغان دۇئا:**

**اَللّٰهُمَّ إِنَّكَ عَفُوٌّ تُحِبُّ الْعَفْوَ فَاعْفُ عَنِّي**

**تەرجىمىسى:** ئى ئاللاھ! شۈبھىسىزكى سەن تولىمۇ مەرھەمەتلىك ئەپۇ قىلغۇچى، ئەپۇنى دوست تۇتقۇچى زاتتۇرسەن، مېنى ئەپۇ قىلغىن.

**تاماق يېگەندە ۋە كىيىم كىيگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئالار:**

**اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ الَّذِي أَطْعَمَنِى هَذَا الطَّعَامَ**

وَرَزَقَنِيهِ مِنْ غَيْرِ حَوْلٍ مِنِّي وَلاَ قُوَّةٍ

**تەرجىمىسى:** مېنىڭ چارەمسىز ۋە كۈچ-قۇۋۋىتىمسىز ماڭا بۇ تاماقنى بەرگەن ئاللاھقا شۈكۈر.

اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ الَّذِي كَسَانِي هَذَا الثَّوْبَ وَرَزَقَنِيهِ مِنْ غَيْرِ حَوْلٍ مِنِّي وَلاَقُوَّةٍ

**تەرجىمىسى:** مېنىڭ چارەمسىز ۋە مېنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىمسىز ماڭا بۇ كىيىمنى بەرگەن ئاللاھقا شۈكۈر.

(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى تاماق يېيىشكە ئائىت دۇئانى تاماق يېگەندە، كىيىم كىيىشكە ئائىت دۇئانى كىيىم كىيگەندە ئوقۇسا، ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى

گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ »دېگەن) .

**تاماقتىن كېيىن ئوقۇلىدىغان دۇئا :**

**اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ الَّذِيْ أَطْعَمَنَا وَسَقَانَا وَجَعَلَنَا مِنَ الْمُسْلِمِيْنَ**

**تەرجىمىسى :** بىزنى ئوزۇقلاندۇرغان ، بىزگە ئۇسسۇلۇق بەرگەن ، بىزنى مۇسۇلمانلار جۈملىسىدىن قىلغان ئاللاغا شۈكۈر .

**ئىفتار قىلغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا :**

**اَللّٰهُمَّ لَكَ صُمْتُ وَعَلَى رِزْقِكَ أَفْطَرْتُ**

**تەرجىمىسى:** ئى ئاللاھ! سەن ئۈچۈن روزا تۇتتۇم، سېنىڭ بەرگەن رىزقىڭ بىلەن ئىفتار قىلدىم.

**ئىفتار ئاياغلاشقاندا ئىفتار بەرگۈچى ئۈچۈن ئوقۇلىدىغان دۇئا:**

أَفْطَرَ عِنْدَكُمْ الصَّائِمُونَ وَأَكَلَ طَعَامَكُمْ الْأَبْرَارُ وَصَلَّتْ عَلَيْكُمْ الْمَلٰئِكَةُ

**تەرجىمىسى:** روزا تۇتقۇچىلار سىلەرنىڭ ھۇزۇرۇڭلاردا ئىفتار قىلدى، تامىقىڭلارنى ياخشىلار يېدى، پەرىشتىلەر سىلەرگە

مەغپىرەت تەلەپ قىلدى.

خالاغا كىرگەندە ۋە خالادىن چىققاندا ئوقۇلىدىغان دۇئالار:

اَللّٰهُمَّ إِنِّي أَعُوذُبِكَ مِنَ الْخُبْثِ وَالْخَبَائِثِ

تەرجىمىسى: ئى ئاللاھ! ساڭا سىغىنىپ ئەركەك ۋە چىشى شەيتانلارنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن.

(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ دۇئانى خالاغا كىرگەندە ئوقۇيتتى).

غُفْرَانَكَ الْحَمْدُ لِلّٰهِ الَّذِي أَذْهَبَ عَنِّي الْأَذَى وَعَافَانِي

تەرجىمىسى: ئاللاھ، سېنىڭ مەغپىرىتىڭنى

تىلەيمەن، جىمى ھەمدۇسانا مەندىن
زىيان-زەخمەتنى كۆتۈرۋۇەتكەن، مېنى
سالامەت قىلغان ئاللاھقا مەنسۇپ.
(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ دۇئانى
خالادىن چىققاندا ئوقۇيتتى).

**ئۆيدىن تالاغا چىققاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا:**

بِسْمِ اللهِ تَوَكَّلْتُ عَلَى اللهِ وَلاَ حَوْلَ
وَلاَ قُوَّةَ إِلاَّ بِاللّٰهِ

**تەرجىمىسى:** ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن
باشلايمەن، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلدىم،
ئاللاھنىڭ مەدەتكارلىقى بولمىسا قولىمىزدىن

ھېچ ئىش كەلمەيدۇ.

(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيدىن سىرتقا چىققانلارغا بۇ دۇئانى ئوقۇشنى تەۋسىيە قىلغان).

بازارغا كىرگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا:

لاَإِلَهَ إِلاَّ اللّٰهُ وَحْدَهُ لاَشَرِيكَ لَهُ لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ يُحْيِي وَيُمِيتُ وَهُوَحَيٌّ لايَمُوتُ بِيَدِهِ الْخَيْرُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ

**تەرجىمىسى:** يالغۇز بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھنىڭ شېرىكى يوقتۇر، سەلتەنەت ئاللاھقا خاستۇر،

جىمى ھەمدۇسانا ئاللاھقا مەنسۇپتۇر ، ئاللاھ مەخلۇقاتنى تىرىلدۈرىدۇ ، ئۇنىڭ جېنىنى ئالىدۇ ، ئاللاھ ھەمىشە تىرىكتۇر ، ئۇنىڭغا ئۆلۈم يۈزلەنمەيدۇ ، ئاللاھ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر .

( پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بازارغا كىرگەنلەرنى بۇ دۇئانى ئوقۇشقا تەۋسىيە قىلغان ) .

**سەپەرگە چىققۇچى ئۇزاتقۇچىلارغا قارىتا ئوقۇيدىغان دۇئا :**

**أَسْتَوْدِعُكُمُ اللّٰهَ الَّذِي لاَتَضِيعُ وَدَائِعُهُ**

تەرجىمىسى: تاپشۇرۇلغان شەيئىلەر زايە بولۇپ كەتمەيدىغان ئاللاھقا سىلەرنى تاپشۇردۇم.

(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەپەرگە چىقماقچى بولغان ئادەم ئۆزىنىپ قالغۇچىلارغا مۇشۇنداق دېسۇن» دېگەن).

سەپەرگە چىققۇچىنى ئۇزاتقۇچى ئوقۇيدىغان دۇئا:

أَسْتَوْدِعُ اللّٰهَ دِينَكَ وَأَمَانَتَكَ وَخَوَاتِيمَ عَمَلِكَ

تەرجىمىسى: دىنىڭنى، ئىشەنچىڭنى

ۋە ئىشىكىنىڭ تۈگەنچىسىنى ئاللاھقا تاپشۇردۇم.

(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەپەرگە چىقماقچى بولغان بىرەر ئادەم بىلەن خوشلاشقاندا، ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ مۇشۇ سۆزنى دەيتتى).

غەزىپى قوزغالغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا:

اَللّٰهُمَّ اغْفِرْلِي ذَنْبِي وَأَذْهِبْ غَيْظَ قَلْبِي وَأَجِرْنِي مِنَ الشَّيْطَانِ

**تەرجىمىسى:** ئى ئاللاھ! مېنىڭ گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغىن، ئاچچىقىمنىياندۇرغىن ۋە مېنى شەيتاندىن قۇتقۇزغىن.

ئاغرىپ قالغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا:

أَذْهِبِ الْبَأْسَ رَبَّ النَّاسِ وَاشْفِ أَنْتَ الشَّافِي لاَشِفَاءَ إِلاَّ شِفَاؤُكَ شِفَاءً لاَيُغَادِرُ سَقَمًا

تەرجىمىسى: ئى ئىنسانلارنىڭ پەرۋەردىگارى! ئوقۇبەتنى كەتكۈزگىن، شىپالىق بەرگىن، سەن شىپالىق بەرگۈچىسەن، پەقەت سېنىڭ بەرگەن شىپالىقىڭلا ئۈنۈملۈك بولىدۇ، شۇنداق شىپالىق بەرگىنكى، ئاغرىق قالمىغاي.

ئاغرىپ قالغان ئادەم كېسەلدە ئوقۇيدىغان دۇئا:

لاَإِلٰهَ إِلاَّ اللّٰهُ وَاللّٰهُ أَكْبَرُ لاَإِلٰهَ

إِلاَّ اللّٰهُ وَحْدَهُ لاَإِلٰهَ إِلاَّ اللّٰهُ وَحْدَهُ لاَشَرِيْكَ لَهُ لاَإِلٰهَ إِلاَّ اللّٰهُ لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ، لاَإِلٰهَ إِلاَّ اللّٰهُ وَلاَحَوْلَ وَلاَ قُوَّةَ إِلاَّ بِاللّٰهِ

تەرجىمىسى: بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر، يالغۇز ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھنىڭ شېرىكى يوقتۇر، بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، پۈتۈن سەلتەنەت ئاللاھقا مەنسۇپ، جىمى ھەمدۇسانا ئاللاھقا مەنسۇپ، بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، ئاللاھنىڭ مەددىتى بولمىسا، ھېچقانداق كۈچ-قۇۋۋەت،

چارە-تەدبىر كارغا كەلمەيدۇ.

**مۇسىبەت كەلگەنلىكنى ئاڭلىغاندا، كۆرگەندە، مۇسىبەت يەتكەنلىك مۇناسىۋىتى بىلەن ئوقۇلىدىغان دۇئا:**

**إِنَّا لِلّٰهِ وَإِنَّا إِلَيْهِ رَاجِعُونَ حَسْبُنَا اللّٰهُ وَنِعْمَ الْوَكِيلُ**

تەرجىمىسى: بىز ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز (يەنى ئاللاھنىڭ بەندىلىرىمىز)، چوقۇم ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز، بىزگە ئاللاھ كۇپايە، ئاللاھ نېمىدېگەن ياخشى ھامىي!

هازىدارغا تەسەللىي بەرگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئالار:

إِنَّ لِلّٰهِ مَاأَخَذَ وَلَهُ مَا أَعْطَى وَكُلُّ شَيْءٍ عِنْدَهُ بِأَجَلٍ مُسَمًّى فَلْتَصْبِرْ وَلْتَحْتَسِبْ

**تەرجىمىسى:** ئاللاھ ئۆزى ئالدۇ، ئاللاھ ئۆزى بېرىدۇ، ھەممە ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا پۈتۈلگەن مۇددەت بويىچە ياشايدۇ، سەۋر قىلغايسەن، ساۋاب تاپقايسەن.

أَعْظَمَ اللّٰهُ أَجْرَكَ وَأَحْسَنَ عَزَاءَكَ وَغَفَرَ لِمَيِّتِكَ

**تەرجىمىسى:** ئاللاھ ساڭا چوڭ ساۋاب بەرسۇن، ياخشى سەۋر-تاقەت ئاتا

قىلسۇن، مېيىتىڭنى مەغپىرەت قىلسۇن.

مېيىتنى قەبرىگە قويغۇچى مېيىتنى يەرلىككە قويغاندا ئوقۇيدىغان دۇئا:

بِسْمِ اللّٰهِ وَعَلٰى سُنَّةِ رَسُولِ اللّٰهِ

تەرجىمىسى: ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن، رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتى بىلەن سېنى قەبرىگە قويدۇم.

مېيىت دەپنە قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن قەبرىستانلىقتا ئوقۇلىدىغان دۇئا:

اَللّٰهُمَّ اغْفِرْ لَهُ اَللّٰهُمَّ ثَبِّتْهُ

**تەرجىمىسى:** ئى ئاللاھ! ئۇنى مەغپىرەت قىلغىن، ئۇنى ئىمانىدا مۇستەھكەم قىلغىن.

**قەبرە يوقلىغاندا مېيىتلەرگە سالام بېرىش يۈزىسىدىن ئوقۇلىدىغان دۇئا:**

اَلسَّلَامُ عَلَيْكُمْ أَهْلَ الدِّيَارِمِنَ الْمُؤْمِنِينَ وَالْمُسْلِمِينَ، وَإِنَّا إِنْ شَاءَ اللّٰهُ بِكُمْ لَلَاحِقُونَ، نَسْأَلُ اللّٰهُ لَنَا وَلَكُمْ الْعَافِيَةَ

**تەرجىمىسى:** ئى مۆمىن مۇسۇلمانلار يۇرتىنىڭ ئاھالىسى، سىلەرگە سالامەتلىك تىلەيمىز، خۇدا خالىسا بىزمۇ چوقۇم

سىلەرنىڭ ئارقاڭلاردىن بارىمىز، ئۆزىمىز ئۇچۇنمۇ، سىلەر ئۇچۇنمۇ ئاللاھتىن ئامانلىق تىلەيمىز.

**يامغۇر تەلەپ قىلغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا:**

اَللّٰهُمَّ اسْقِ عِبَادَكَ وَبَهَائِمَكَ وَانْشُرْ رَحْمَتَكَ وَاحْيِ بَلَدَكَ الْمَيِّتَ

**تەرجىمىسى:** ئى ئاللاھ! بەندىلىرىڭنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرغىن، (ياراتقان ھايۋاناتلىرىڭنى) سۇغارغىن، رەھمىتىڭنى تارقاتقىن، ئۆلۈك (يەنى قاغجىراق) يۇرتۇڭنى تىرىلدۈرگىن.

يامغۇر ياغقاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا:

اَللّٰهُمَّ صَيِّبًا نَافِعًا

تەرجىمىسى: ئى ئاللاھ! (يامغۇرنى) مول، پايدىلىق قىلىپ ياغدۇرۇپ بەرگىن.

يېڭى چىققان ئاينى كۆرگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا:

اَللّٰهُ أَكْبَرُ اَللّٰهُ أَكْبَرُ اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ وَلَاحَوْلَ وَلَاقُوَّةَ إِلاَّ بِاللّٰهِ، اَللّٰهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ مِنْ خَيْرِ هٰذَا الشَّهْرِ (ثلاثاً) وَأَعُوذُبِكَ مِنْ سُوءِ الْقَدَرِ وَمِنْ شَرِّ يَوْمِ الْمَحْشَرِ

**تەرجىمىسى:** ئاللاھ ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر، ئاللاھ ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر. جىمى ھەمدۇسانا ئاللاھقا مەنسۇپتۇر، ھەرقانداق ئىشنى پەقەت ئاللاھنىڭ مەدىتى بىلەنلا ۋۇجۇدقا چىقىرالايمىز؛ ئى ئاللاھ! سەندىن بۇ ئاينىڭ ياخشىلىقلىرىنى سورايمەن (بۇنى ئۈچ قېتىم تەكرارلايدۇ)، ساڭا سېغىنىپ يامان تەقدىردىن، قىيامەت كۈنىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن.

**چاقماق ھادىسىسىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئوقۇلىدىغان دۇئا:**

سُبْحَانَ الَّذِي يُسَبِّحُ الرَّعْدُ بِحَمْدِهِ وَالْمَلاَئِكَةُ

مِنْ خِيفَتِهِ

**تەرجىمىسى:** گۈلدۈرماما ئاللاھنى مەدھىيىلەش بىلەن تەسبىھ ئېيتىدىغان، پەرىشتىلەرمۇ ئاللاھتىن قورقۇپ تەسبىھ ئېيتىدىغان ئاللاھنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن.

(ئابدۇللا ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھاۋا گۈلدۈرلەپ چاقماق چاقىقاندا، بۇ دۇئانى ئوقۇيتتى. ئىبنى ئاببااس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بىر رىۋايىتىدە، چاقماق چاقىقاندا، بۇ دۇئانى ئۈچ قېتىم ئوقۇغان ئادەم چاقماقتىن ئەمىن بولىدۇ.

دېيىلگەن) .

**شامال چىققاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا:**

**اَللّٰهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ خَيْرَهَا وَأَعُوذُبِكَ مِنْ شَرِّهَا**

**تەرجىمىسى:** ئى ئاللاھ! بۇ شامالنىڭ پايدىلىق بولۇشىنى سورايمەن، زىيانلىق بولۇشىدىن پاناھ تىلەيمەن.

**ئايالى بىلەن بىر تۆشەكتە بولغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا:**

**بِسْمِ اللَّهِ اَللّٰهُمَّ جَنِّبْنَا الشَّيْطَانَ وَجَنِّبِ**

الشَّيْطَانَ مَارَزَقْتَنَا

**تەرجىمىسى:** ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن ئىنىش قىلىمەنكى، ئى ئاللاھ! بىزنى شەيتاندىن يىراق قىلغىن، سەن بىزگە ئاتا قىلىدىغان پەرزەنتنىمۇ شەيتاندىن يىراق قىلغىن.

(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئايالى بىلەن بىر تۆشەكتە بولماقچى بولسا، بۇ دۇئانى ئوقۇسۇن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بالا بولۇپ قالسا، ئۇنىڭغا شەيتان ھەرگىزمۇ زىيان-زەخمەت يەتكۈزەلمەيدۇ» دېگەن).

كىشىنى خۇشال قىلدىغان نەرسىنى كۆرگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا:

اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ الَّذِي بِنِعْمَتِهِ تَتِمُّ الصَّالِحَاتْ

تەرجىمىسى: نېمىتى بىلەن ياخشىلىقلار مۇكەممەللىشىدىغان ئاللاھقا شۇكۇر.

ياخشى كۆرمەيدىغان ئىشقا دۇچ كەلگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا:

اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ عَلٰى كُلِّ حَالٍ

تەرجىمىسى: ھەممە ھالغا خۇداغا شۇكۇر.

## چۈشكۈرگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىرىڭلار چۈشكۈرسە اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ رَبِّ الْعَالَمِيْنَ يەنى جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر دېسۇن، ئاڭلىغۇچى يَرْحَمُكَ اللّٰهُ يەنى ئاللاھ ساڭا رەھمەت قىلسۇن، دېسۇن. چۈشكۈرگۈچى ئۇنىڭغا جاۋابەن يَغْفِرُ اللّٰهُ لَنَا وَلَكُمْ يەنى ئاللاھ بىزگە ۋە سىلەرگە مەغپىرەت قىلسۇن دېسۇن». يەنە بىر رىۋايەتتە «يَهْدِيكُمُ اللّٰهُ وَيُصْلِحُ

بَالَكُمْ يەنى ئاللاھ سىلەرنى ھىدايەت قىلسۇن، ھالىڭلارنى ياخشىلىسۇن، دېسۇن » دېيىلگەن.

دېڭىزدا قاتنىغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا:

« بِسْمِ اللّٰهِ مَجْرِيْهَا وَمُرْسَاهَا إِنَّ رَبِّي لَغَفُورٌ رَحِيمٌ وَمَاقَدَرُوا اللّٰهَ حَقَّ قَدْرِهِ وَالْأَرْضُ جَمِيعاً قَبْضَتُهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ وَالسَّمٰوَاتُ مَطْوِيَّاتٌ بِيَمِينِهِ سُبْحَانَهُ وَتَعَالَى عَمَّا يُشْرِكُونَ »

تەرجىمىسى: « كېمىنىڭ مېڭىشى ۋە توختىشى ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەندۇر،

شۈبھىسىزكى، مېنىڭ پەرۋەردىگارىم (تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ گۇناھىنى) ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. (مۆمىنلەرگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر». «ئۇلار ئاللاھنى ھەقىقىي رەۋىشتە تونۇمىدى. قىيامەت كۈنى زېمىن پۈتۈنلەي ئاللاھنىڭ چاڭگىلىدا بولىدۇ. ئاسمانلار ئاللاھنىڭ ئوڭ قولىدا قاتلىنىپ تۇرىدۇ، ئاللاھ ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار)نىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر ۋە ئۈستۈندۇر».

(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۈممىتىم دېڭىزدا قاتنىغان چاغدا بۇ دۇئانى ئوقۇسا

ئامان-ئېسەن بولىدۇ » دېگەن) .

مېيىپ بولغان ياكى پېشكەللىككە ئۇچرىغان كىشىنى كۆرگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا :

اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ الَّذِي عَافَانِي مِمَّا ابْتَلاَكَ بِهِ وَفَضَّلَنِي عَلَى كَثِيرٍ مِمَّنْ خَلَقَ تَفْضِيلاً

تەرجىمىسى : سېنى مۇپتىلا قىلغان بالادىن مېنى سالامەت قىلغان، ياراتقان مەخلۇقاتلىرىنىڭ نۇرغۇنىدىن مېنى ئۈستۈن قىلغان ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتىمەن .

(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : « كىمكى

بىرەر مېيىپ بولغان ياكى پېشكەللىككە ئۇچرىغان كىشىنى كۆرگەندە بۇ دۇئانى ئوقۇسا، ئاللاھ ئۇنى ئاشۇ ئادەمنىڭ ھالىغا چۈشۈپ قېلىشتىن ئۆمۈر بويى ساقلايدۇ » دېگەن).

**ئۇلاغقا مىنگەندە، ماشىنا ۋە ئايروپىلان قاتارلىقلارغا چىققاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا:**

بِسْمِ اللّٰهِ، اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ سُبْحٰنَ الَّذِي سَخَّرَ لَنَاهٰذَا وَمَا كُنَّا لَهُ مُقْرِنِيْنَ وَإِنَّا اِلَى رَبِّنَا لَمُنْقَلِبُونَ

تەرجىمىسى: ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەنكى، جىمى ھەمدۇسانا ئاللاھقا مەنسۇپ، بىزگە

بۇنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن زات پاكتۇر، بىز ئۇنىڭغا (مىنىشكە، چىقىشقا) قادىر ئەمەس ئىدۇق، بىز ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىمىزنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىلارمىز.

# « زىكرى ( ئاللاھنى ياد ئېتىش ) » ھەققىدە

« زىكرى »— ئىسلام دىنىنىڭ مۇھىم ئاساسلىرىدىن بىرى بولۇپ، چېتىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ، زىكرى سۆزى « قۇرئان كەرىم »نىڭ نۇرغۇن ئايەتلىرىدە تىلغا ئېلىنغان، مۇسۇلمان ئادەم زىكرىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىۋېلىشى ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنى بويىچە ئەمەل قىلىشى لازىم.

زىكرىنىڭ لۇغەت مەنىسى ياد ئېتىش، ئەسلەش دېگەن سۆزدىن ئىبارەت بولسىمۇ، دىنىي ئىستىلاھ جەھەتتىكى

مەنىسى كۆپ تەرەپلىملىك ۋە چوڭقۇر بولۇپ، ئاللاھنىڭ ئەزىمىتى، ئاسمان-زېمىن ۋە پۈتۈن كائىناتتىكى مەخلۇقاتلارنى يارىتىشتىكى ئاللاھنىڭ مۆجىزە خاراكتېرلىك ھۈنىرى ئۈستىدە چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈشنى، ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرى، بولۇپمۇ ئۇلارغا بەرگەن تۈرلۈك نېمەتلىرى، شەيئىلەرنى ئىنسانغا بويسۇندۇرۇپ ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىش يوللىرىنى قولايلاشتۇرۇپ بەرگەنلىكى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىشنى، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە بولغان ئىماننىڭ كۈچىيىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «قۇرئان كەرىم »دىكى: "شۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن

كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئەلۋەتتە روشەن دەلىللەر بار، ئۇلار ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ ئاللاھنى ئەسلەپ تۇرىدۇ، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ" (3-سۈرە ئال ئىمران، 190—191-ئايەتلەر) دېگەن ئايەتلەر بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. ئىنساننىڭ ئەمەللىرىنىڭ قانداق بولۇشى ئۇنىڭ ئەقىدىسىگە ئاساسلىنىدۇ، كىشىنىڭ ئىمان ئەقىدىسى مۇشۇنداق تەپەككۇر يۈرگۈزۈش ئارقىلىق چىڭىيىدۇ، ئاللاھنىڭ زىكرى بىلەن ئەقىللەر يورۇيدۇ، قەلبلەر ئارام تاپىدۇ، «قۇرئان كەرىم »دە:

« ئىمان ئېيتقانلارنىڭ دىللىرى ئاللاھنى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ » دېيىلگەن. يەنە « قۇرئان كەرىم »دىكى: " **نامازنى (تەئدىل ئەركان بىلەن) ئوقۇغىن، ناماز ھەقىقەتەن قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسىدۇ، ئاللاھنى ياد ئېتىش ھەممىدىن (يەنى ئۇنىڭدىن باشقا ھەممە ئىبادەتتىن) ئۇلۇغدۇر** " (29-سۈرە ئەنكەبۇت، 45-ئايەت) دېيىلگەن ئايەتتىكى زىكرى دىلغا ئاراملىق بېغىشلايدىغان مۇشۇنداق زىكرىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ سەلەف ئالىملىرىدىن بىر جامائە نامازدىكى ئاللاھنىڭ زىكرى نامازدىن ئۇلۇغ دەيدىغان قاراشتا بولغان.

« قۇرئان كەرىم »دە، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدە نۇرغۇن جايلاردا كەلگەن زىكرى سۆزىنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنىدىن قارىغاندا، زىكرى تۆۋەندىكى ئۈچ تۈرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: 1. تەپەككۇر ۋە ئېتىقاد يۈزىسىدىن بولغان قەلبنىڭ زىكرى 2. تىل بىلەن ئېيتىلىدىغان تىلنىڭ زىكرى 3. بەدەن ئەزالىرىنىڭ زىكرى. بەدەن ئەزالىرىنىڭ زىكرى دېگىنىمىز ئاللاھقا قىلىنىدىغان تائەت-ئىبادەتلەرنىڭ ھەممىسىگە قارىتىلغان، « قۇرئان كەرىم »دىكى مۇنۇ ئايەتتىمۇ مۇشۇ مەنە ئىپادىلىنىدۇ: ”مېنى (**تائەت-ئىبادەت بىلەن**) **ياد ئېتىڭلار**،

(مېنى ياد ئەتسەڭلار) مەنمۇ سىلەرنى (ساۋاب بېرىش بىلەن، مەغپىرەت قىلىش بىلەن) ياد ئېتىمەن" (2-سۈرە بەقەرە، 152-ئايەت).

ھەدىسشۇناس ئالىم ئىبنى ھەجەر سەھىھۇلبۇخارىنىڭ شەرھى «فەتھۇلبارى» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھتائالانىڭ ئەمرىنى ۋە ياخشى ھېسابلىغان ئىشلىرىنى تاشلىماي بېجىرىش زىكرى ھېسابلىنىدۇ، زىكرى دېگەن تەسبىھ، ھەمدۇسانالارغا ئوخشاش تىل بىلەنمۇ ئورۇنلىنىدۇ، ئاللاھنىڭ زاتى ۋە سۈپەتلىرى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈشكە ئوخشاش دىل بىلەنمۇ ئورۇنلىنىدۇ، ناماز،

زاكات، ھەج قاتارلىق تائەت-ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىشقا ئوخشاش بەدەن ئەزالار ئارقىلىقمۇ ئورۇنلىنىدۇ »، زىكرىنىڭ كەڭ مەنىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى تۆۋەندىكى ئايەتتىنمۇ كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ: " **ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندا** (يەنى **نامازدىن فارىغ بولغىنىڭلاردىن كېيىن**) **زېمىنغا تارىلىپ** (يەنى ئۆز مەشغۇلاتىڭلار بىلەن بولۇپ)، **ئاللاھنىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىڭلار**، مەقسىتىڭلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئاللاھنى كۆپ ياد ئېتىڭلار " (62-سۈرە جۇمۇئە، 10-ئايەت). بۇ يەردە " **ئاللاھنىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىڭلار** " دېگەن سۆز يۇقىرىدىكى ئايەتتىكى ئىلىم-سېتىم

بىلەن شۇغۇللىنىشنى كۆرستىدۇ، مۇنداق ئورۇندا تىل بىلەن زىكرى ئېيتىش مۇناسىپ كەلمەيدۇ. تىل بىلەن زىكرى ئېيتىش ئاللاھنىڭ ئەزىمىتىنى مۇلاھىزە قىلىش بىلەن ياندىشىپ كېلىشى لازىم. ئىلىم-سېتىم بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان چاغدا پىكىر بۆلۈنۈپ كېتىدۇ، بۇ يەردە پەقەت سودا-سېتىق ئىشلىرىنى ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە قىلغانلىقمۇ بەدەن-ئەزالار بىلەن قىلىنغان زىكرى ئىكەنلىكى چىقىدۇ، بەزى ئەۋلىيالار «زىكرى يەتتە تۈرلۈك بولىدۇ: كۆزنىڭ زىكرى يىغا بىلەن، قۇلاقنىڭ زىكرى ئاڭلاش بىلەن، قولنىڭ زىكرى خەير-ئېھسان قىلىش بىلەن، بەدەننىڭ زىكرى ئاللاھقا بەرگەن

ئەھدىگە ۋاپا قىلىش بىلەن، قەلبىنىڭ زىكرى ئاللاھتىن قورقۇش ۋە ئۈمىدۋارلىق بىلەن، جانىنىڭ زىكرى ئاللاھنىڭ تەقدىرىگە تەن بېرىش ۋە مەمنۇن بولۇش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ» دېگەن. «قۇرئان كەرىم»دە يەنە: **"ئەرەفاتتىن قايتقان چېغىڭلاردا، مەشئەرى ھەرامدا (يەنى مۇزدەلىفەدە) ئاللاھنى ياد ئېتىڭلار"**

دېيىلگەن (2-سۈرە بەقەرە، 198-ئايەت).

بۇ ئايەتتىكى **"ئاللاھنى ياد ئېتىڭلار"**

دېگەن سۆزدە تىل بىلەن زىكرى-سانا ئېيتىش كۆزدە تۇتۇلغان، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەج قىلغاندا مۇزدەلىفەگە يېتىپ كەلگەندە، قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈپ

دۇئا قىلغان، تەكبىر، تەھلىل ئوقۇغان. زىكرىنى تىل بىلەنمۇ، دىل بىلەنمۇ ئېيتىشقا بولىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: "پەرۋەردىگارىڭنى يىلىنغان ۋە ئۇنىڭدىن قورققان ھالدا ئىچىڭدە ياد ئەتكىن، ئەتىگەندە-ئاخشامدا ئۇنى پەس ئاۋازدا زىكرى قىلغىن، غاپىللاردىن بولمىغىن" (7-سۈرە ئەئراف، 205-ئەيەت). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سېنىڭ تىلىڭ ھەمىشە ئاللاھنىڭ زىكرى بىلەن بولسۇن» دېگەن. زىكرى ئېيتىپ تىلنى مىدىرلىتىش غايىگە يېتىشنىڭ يولى، غايە بولسا ئەقىل ۋە قەلبنىڭ ئويغىنىشىدىن ئىبارەت، زىكرى قەلبنى ئاللاھقا تۇتاشتۇرىدۇ،

زىكرى بىلەن ئاز مەشغۇل بولۇش ئاللاھتىن غاپىل بولۇشنى ۋە ئاللاھنى ئۇنتۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن بولغان ئۆمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئىمان زىيادە بولىدۇ ۋە كەمتۈك بولىدۇ» دېگەن. ئۇنىڭدىن ئىماننىڭ زىيادە ۋە كەمتۈك بولۇشى قانداق بولىدۇ؟ دەپ سورالغاندا، ئۇ: «ئاللاھنى ياد ئەتسەك، ئاللاھقا ھەمدۇ ئېيتساق، تەسبىھ ئېيتساق بۇ ئىماننىڭ زىيادە بولغانلىقى، ئاللاھدىن غاپىل بولۇپ ئاللاھنى ئۇنتۇساق ئىماننىڭ كەمتۈك بولغانلىقىدۇر» دېگەن.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەمراھلىرىغا:

« كىلىڭلار ئىمانىمىزنى كۈچەيتەيلى »
دەپ ئۇلار بىلەن بىرلىكتە زىكرى ئېيتاتتى،
ئاللاھتائالا « قۇرئان كەرىم »نىڭ نۇرغۇن
ئايەتلىرىدە بەندىلىرىنى زىكرى ئېيتىشقا
بۇيرۇغان، شۇنىڭدەك پەيغەمبەر
ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدىمۇ زىكرىگە
تەرغىب قىلىنغان، "ئى مۆمىنلەر! ئاللاھنى
كۆپ ياد ئېتىڭلار، ئۇنىڭغا ئەتىگەن-ئاخشامدا
تەسبىھ ئېيتىڭلار" (33-سۈرە ئەھزاب،
41-42-ئايەتلەر). "ئاللاھنى كۆپ زىكرى
قىلغۇچى ئەرلەر ۋە ئاللاھنى كۆپ زىكرى
قىلغۇچى ئاياللارغا ئاللاھ مەغپىرەت ۋە
كاتتا ساۋاب تەييارلىدى" (33-سۈرە
ئەھزاب، 35-ئايەت). زىكرىنى كۆپ

ئېيتىشنىڭ ئۆزى، مەغپىرەتكە ۋە ساۋابقا ئېرىشىشنىڭ يولىدۇر، ئاللاھتائالا مۇناپىقلارنى ئەيىبلەپ، ئۇلار **" ئاللاھنى پەقەت ئازغىنا ياد ئېتىدۇ "** دېگەن (4-سۈرە نىسا، 142-ئايەت). ئاللاھتائالا ئۆزىنىڭ سايىسىدىن باشقا ھېچ سايە مەۋجۇت بولمايدىغان قىيامەت كۈنىدە، ئۆز سايىسىدە سايىدىتىغان ئۈچ تۈرلۈك ئادەمنىڭ قاتارىدا، «پىنھاندا ئاللاھتىن قورقۇپ ئۇنى ياد ئېتىپ كۆزلىرىدىن ياش تۆككەن ئادەم»نى كۆرسىتىدۇ. ئاللاھنى زىكرى قىلىپ دىلى ئېرىپ ئاللاھنىڭ ئەزىمىتى ئالدىدا بەدىنىگە تىترەك ئولاشقان كىشىلەرنىڭ مۇسۇلمانى كامىل (كامىل مۇسۇلمان)

بولىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىلگەن.
تۆۋەندىكى ئايەتنىڭ مەزمۇنىدىنمۇ ھەقىقىي
زىكرىنىڭ كىشىگە چوڭقۇر تەسىر
كۆرسىتىدىغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ:
**"پەقەت ئاللاھ ياد ئېتىلسە دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا بولىدىغان، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا ئىمانى كۈچىيىدىغان، پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۇل قىلىدىغان كىشىلەرلا (كامىل) مۆمىنلەردۇر"** (8-سۈرە ئەنفال، 2-ئايەت).

جەننەتنىڭ ئاچقۇچى بولغان تەۋھىد
كەلىمىسى ‹لائىلاھە ئىللەللاھۇ› زىكرى
سۆزىنىڭ دائىرىسىگە كىرىدۇ، پەيغەمبەر
ئەلەيھىسسالامنىڭ «زىكرىنىڭ ئەۋزىلى »

« لَاإِلٰهَ إِلاَّ اللّٰهُ » ( لائىلاهە ئىللەللاھۇ ) دۇر » دېگەن سۆزى بۇنىڭ دەلىلىدۇر ، ئاللاھنىڭ زىكرى كىشىلەرنىڭ نەپسىنى تۈزەيدۇ ، جاننى نۇرلاندۇرىدۇ ، كىشىلەرنى ياخشىلىققا ئۈندەپ يامان ئىشلار ۋە گۇناھلاردىن ساقلىنىشقا يېتەكلەيدۇ ، زىكرىنىڭ ئۈنۈمى كىشىنىڭ تەقۋادارلىقىدا كۆرۈلىدۇ ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : « ئاللاھتائالا مېنى تائەت-ئىبادەت بىلەن ياد قىلساڭلار ، سىلەرنى مەن مەغپىرەت بىلەن ياد قىلىمەن ، كىمكى مېنى ئىتائەتمەن ھالدا ياد ئېتىدىكەن ، مېنىڭ ئۇنى مەغپىرەت بىلەن ياد ئېتىشىم تېگىشلىك بولدى ، ماڭا ئاسىيلىق قىلىپ تۇرۇپ مېنى

ياد ئەتسە، مەن ئۇنى ئۆچلۈك بىلەن ياد ئېتىشىم تېگىشلىك بولدى» دېگەن دەيدۇ. زىكرىنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، دۇئا، تەسبىھ، تەھلىل، تەكبىر، ھەمدۇسانا ۋە تەۋبە-ئىستىغپارلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، زىكرىنىڭ ئەھمىيىتىگە بولغان چۈشەنچىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن تۆۋەندە زىكرى، تەسبىھ، تەھلىل، تەكبىر، ھەمدۇسانا ۋە تەۋبە-ئىستىغپارلارنىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇلارنىڭ «قۇرئان كەرىم»، ھەدىسلەردىكى تېكىستلىرىدىن ئېلىنغان بىر قىسىم بايانلارنى بېرىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىرگە «قۇرئان كەرىم»نىڭ پەزىلىتى ۋە «قۇرئان كەرىم»دىكى

بىر قىسىم سۈرە، بىر قىسىم ئايەتلەرنىڭ خاسىيىتى ھەققىدە ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئېيتىشنىڭ پەزىلىتى ئۈستىدە توختىلىمىز.

## زىكرىنىڭ پەزىلىتى

ئاللاھتائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: "سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ، ئەتىگەن-ئاخشامدا ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىدىغانلار (يەنى ئاجىز، كەمبەغەل مۇسۇلمانلار) بىلەن سەۋرچان بولغان ھالدا بىللە بولغىن. ھاياتىي دۇنيانىڭ زىبۇ-زىننىتىنى (يەنى مۇشرىكلارنىڭ چوڭلىرىنىڭ سۆھبىتىنى) دەپ، ئۇلارنى كۆزگە ئىلماي قالمىغىن، بىز دىلىنى زىكرىمىزدىن غەپلەتتە قالدۇرغان،

نەپسى خاھىشىغا ئەگەشكەن، ئىشى ھەددىدىن ئاشقان ئادەمنىڭ (سۆزى)گە ئەگەشمىگىن " (18-سۈرە كەھف، 28-ئايەت). ئاللاھتائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ:" كىمكى مېنىڭ زىكرىمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇنىڭ ھاياتى تار (يەنى خاتىرجەمسىز) بولىدۇ، قىيامەت كۈنى ئۇنى بىز كور قوپۇرىمىز " (20-سۈرە تاھا، 124-ئايەت). ئاللاھتائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: "كىمكى مېھرىبان ئاللاھنى ياد ئېتىشتىن (يەنى قۇرئاندىن) يۈز ئۆرۈيدىكەن، بىز ئۇنىڭغا شەيتاننى مۇسەللەت قىلىمىز (شەيتان ئۇنى ۋەسۋەسە قىلىدۇ)، شەيتان

ئۇنىڭغا ھەمىشە ھەمراھ بولىدۇ " (43-سۈرە زۇخرۇف، 36-ئايەت) . " ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلىنىشى ۋە ئىسمىنىڭ ياد ئېتىلىشى بۇيرۇلغان مەسچىتلەردە (مۆمىنلەر) ئەتىگەن-ئاخشامدا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ، ئۇلار شۇنداق ئەرلەركى، سودا-سېتىق ئۇلارنى ئاللاھنى زىكرى قىلىشتىن، ناماز ئۆتەشتىن، زاكات بېرىشتىن غەپلەتتە قالدۇرمايدۇ، ئۇلار دىللار ۋە كۆزلەر قالايمىقانلىشىپ كېتىدىغان كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى)دىن قورقىدۇ " (24-سۈرە نۇر، 36-، 37-ئايەتلەر) . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ

دېگەن: «مېنىڭ بەندەم مېنى ئۆزىگە قارىتا قانداق ئويلىسا، مەن ئۇنىڭغا شۇنداق بولىمەن، ماڭا ئۇ زىكرى ئېيتسا، مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولىمەن، ئەگەر ئۇ ماڭا مەخپىي زىكرى ئېيتسا، مەن ئۇنىڭغا مەخپىي ساۋاب بېرىمەن، ئەگەر ئۇ ماڭا جامائە بار يەردە زىكرى ئېيتسا، مەن ئۇنىڭغا ئۇ جامائەدىنمۇ ياخشى جامائە بار يەردە ساۋاب بېرىمەن، ئەگەر ئۇ ماڭا بىر غېرىچ يېقىنلاشسا، مەن ئۇنىڭغا بىر گەز يېقىنلىشىمەن، ئەگەر ئۇ ماڭا بىر گەز يېقىنلاشسا، مەن ئۇنىڭغا بىر غۇلاچ يېقىنلىشىمەن، ئەگەر ئۇ ماڭا مېڭىپ كەلسە، مەن ئۇنىڭغا

يۈگۈرۈپ بارىمەن » (بۇخارى، مۇسلىم ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان) .

ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

« پەرۋەردىگارىغا زىكرى ئېيتىپ تۇرىدىغان ئادەم، تىرىك ئادەمگە ئوخشايدۇ، زىكرى ئېيتىپ تۇرمايدىغان ئادەم ئۆلۈك ئادەمگە ئوخشايدۇ » (بۇخارى رىۋايەت قىلغان) .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

« ئاللاھنىڭ، ئاللاھقا زىكرى ئېيتقانلارنى ئىزدەپ يوللارنى ئايلىنىپ يۈرىدىغان پەرىشتىلىرى بار، ئۇلار ئاللاھقا زىكرى

ئېيتىۋاتقان خەلقنى ئۇچراتقان چاغلىرىدا، ئۇزئارا: كېلىڭلار، ئىزدىگىنىڭلار تېپىلدى، دەپ تووۋلىشىدۇ، ئۇلارنى پەرىشتىلەر قاناتلىرى بىلەن بىرىنچى ئاسمانغىچە ئورىۋالىدۇ، ئاللاھتائالا پەرىشتىلەردىنمۇ ئوبدانراق بىلىپ تۇرۇپ: مېنىڭ بەندىلىرىم نېمە دەۋاتىدۇ؟ دەپ پەرىشتىلەردىن سورايدۇ، پەرىشتىلەر: ئۇلار ساڭا تەسبىھ ئېيتىۋاتىدۇ، تەكبىر ئېيتىۋاتىدۇ، ھەمدۇ ئېيتىۋاتىدۇ، سېنى ئۇلۇغلاۋاتىدۇ دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئاللاھتائالا: ئۇلار مېنى كۆرگەنمۇ؟ دەيدۇ، پەرىشتىلەر: ياق، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار

سىنى كۆرمىگەن، دەيدۇ. ئاللاھتائالا: ئۇلار مىنى كۆرگەن بولسا قانداق قىلاتتى؟ دەيدۇ. پەرىشتىلەر: ئەگەر ئۇلار سىنى كۆرگەن بولسا، ساڭا تېخىمۇ قاتتىق ئىبادەت قىلاتتى، سىنى تېخىمۇ قاتتىق ئۇلۇغلايتتى، ساڭا تېخىمۇ كۆپ تەسبىھ ئېيتاتتى، دەيدۇ. ئاللاھتائالا: بەندىلىرىم مەندىن نىمە سورايدۇ؟ دەيدۇ. پەرىشتىلەر: سەندىن جەننەتنى سورايدۇ، دەيدۇ. ئاللاھتائالا: ئۇلار جەننەتنى كۆرگەنمۇ؟ دەيدۇ. پەرىشتىلەر: ياق، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئى رەببىمىز ئۇلار جەننەتنى كۆرمىگەن، دەيدۇ. ئاللاھتائالا: ئەگەر ئۇلار جەننەتنى

كۆرگەن بولسا قانداق قىلاتتى؟ دەيدۇ.
پەرىشتىلەر: ئەگەر ئۇلار جەننەتنى
كۆرگەن بولسا، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئامراق
بولاتتى، تېخىمۇ قاتتىق تەلەپ قىلاتتى
ۋە تېخىمۇ زور قىزىقاتتى، دەيدۇ.
ئاللاھتائالا: بەندىلىرىم نېمىدىن پاناھ
تىلەيدۇ؟ دەيدۇ. پەرىشتىلەر: ئۇلار
دوزاختىن پاناھ تىلەيدۇ، دەيدۇ. ئاللاھتائالا:
ئۇلار دوزاخنى كۆرگەنمۇ؟ دەيدۇ،
پەرىشتىلەر: ياق، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى،
ئۇلار دوزاخنى كۆرمىگەن، دەيدۇ.
ئاللاھتائالا: ئەگەر ئۇنى كۆرگەن بولسا
قانداق قىلاتتى دەيدۇ. پەرىشتىلەر:
ئەگەر ئۇنى كۆرگەن بولسا، ئۇلار

دوزاختىن تېخىمۇ بەك قاچاتتى ۋە تېخىمۇ قاتتىق قورقاتتى، دەيدۇ. ئاللاھتائالا: پەرىشتىلەر: سىلەرنى گۇۋاھ قىلدىمكى، بەندىلىرىمنى مەن ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلدىم، دەيدۇ. بۇ چاغدا پەرىشتىلەرنىڭ ئىچىدىن بىر پەرىشتە: ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پالانى زىكرى ئېيتقۇچىلارنىڭ قاتارىدا يوق ئىدى، ئۇ بىر ئىش ئۈچۈن كېلىپ، ئۇلارغا قوشۇلۇپ قالغان، دەيدۇ. ئاللاھتائالا: ئۇلار سۆھبەتداشتۇر، ئۇلارنىڭ سۆھبەتدىشى مەھرۇم قىلىنمايدۇ، دەيدۇ» (بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق

دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھتائالانى ھەرقانداق ۋاقىتتا ياد ئېتىپ تۇراتتى» (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قايسى بىر قەۋم ئاللاھنىڭ زىكرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ بىرەر جايدا ئولتۇرسا ئۇلارنى پەرىشتىلەر ئورىۋالىدۇ ۋە ئۇلارغا ئاللاھنىڭ رەھمىتى ياغىدۇ، ئۇلارنىڭ دىللىرىغا خاتىرجەملىك ئورۇنلىشىدۇ، ئۇلارنى ئاللاھتائالا ئۆز دەرگاھىدىكى پەرىشتىلەرگە بايان قىلىدۇ» (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

## تەسبىھ، ھەمدۇسانا، تەكبىر ۋە تەھلىللەرنىڭ پەزىلىتى

ئاللاھتائالا «قۇرئان كەرىم»دە يەتتە سۈرىنى تەسبىھ سۆزى بىلەن باشلىغان، بىزنىڭ ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىشىمىز ئۈچۈن نۇرغۇن ئايەتلەردە تەسبىھ ھەققىدە توختالغان. ئاللاھتائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: "ئاسمانلاردىكى نەرسىلەر (يەنى پەرىشتىلەر) ۋە زېمىندىكى نەرسىلەر (يەنى ئىنسانلار، ئۆسۈملۈكلەر، جانسىز شەيئىلەر) ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتتى" (61-سۈرە سەف، 1-ئايەت). ئاللاھتائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: " (كائىناتتىكى) قانداقلىكى نەرسە

بولمسۇن ئاللاھنى پاك دەپ مەدھىيىلەيدۇ " ئاللاھتائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ " يەتتە ئاسمان-زېمىن ۋە ئۇلاردىكى مەخلۇقاتلار ئاللاھنى پاك دەپ بىلىدۇ، (كائىناتتىكى) قانداقلىكى نەرسە بولمىسۇن، ئاللاھنى پاك دەپ مەدھىيىلەيدۇ (يەنى ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى سۆزلەيدۇ)، لېكىن سىلەر (تىلىڭلار ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن) ئۇلارنىڭ مەدھىيىسىنى سەزمەيسىلەر "
(17-سۈرە «بەنى ئىسرائىل (ئىسرا) (44-ئايەت). ئاللاھتائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «مەمنۇن بولۇشۇڭ ئۈچۈن كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى، كۈن پېتىشتىن بۇرۇن،

كېچە ۋاقىتلىرىدا ۋە كۈندۈزنىڭ دەسلەپكى ۋە ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدا پەرۋەردىگارىڭغا تەسبىھ ئېيتقىن ۋە ھەمدى ئېيتقىن »

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « تىل بىلەن ئېيتىشتا يەڭگىل، (ئەمما) نامە-ئەمەللەرنى تارتىدىغان تارازىدا ئېغىر كېلىدىغان ئىككى كەلىمە سۆز بار، ئۇ: ‹ ئاللاھنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن ۋە مەدھىيىلەيمەن ۋە ئۇلۇغ ئاللاھنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن › . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « سُبْحَانَ اللّٰهِ وَالْحَمْدُ لِلّٰهِ وَلاَ إِلٰهَ إِلاَّ اللّٰهُ وَاللّٰهُ أَكْبَرُ

(ئاللاھنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن،

بارلىق ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇر، بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ ئەڭ ئۇلۇغدۇر) دېگەن سۆز ماڭا جاھاندىكى ھەممە نەرسىدىن سۆيۈملۈكتۇر».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سُبْحَانَ اللّٰهِ وَالْحَمْدُ لِلّٰهِ وَاللّٰهُ اَكْبَرُ لاَ إِلٰهَ إِلاَّ اللّٰهُ لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ وَهُوَعَلٰى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ» (يالغۇز بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭ شېرىكى يوقتۇر، پۈتۈن سەلتەنەت ئاللاھقا خاستۇر، پۈتۈن ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ ھەممىگە قادىردۇر) دېگەن سۆزنى كۈنىگە يۈز قېتىم ئوقۇسا، ئۇنىڭغا ئون

قۇل ئازاد قىلغانىنىڭ ساۋابى بولىدۇ ۋە شۇ كىشى ئۈچۈن يۈز ياخشىلىق يېزىلىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن يۈز يامانلىق ئۆچۈرۈلىدۇ ۋە شۇ كۈنى كەچكىچە ئۇنى ئاللاھ شەيتاندىن ساقلايدۇ، شۇ سۆزنى بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ئوقۇغان ئادەمدىن باشقا ھېچ ئادەمنىڭ قىلغان ئەمەلى بۇنىڭغا يەتمەيدۇ». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى ھەر نامازدىن كېيىن ئاللاھقا 33 قېتىم تەسبىھ ئېيتسا، 33 قېتىم ھەمدە ئېيتسا، 33 قېتىم تەكبىر ئېيتسا، ئاخىرىدا بىر قېتىم تەھلىل ئېيتىپ يۈزگە توشقۇزسا، ئۇنىڭ خاتالىقلىرى دېڭىز كۆپۈكىدەك كۆپ بولسىمۇ مەغپىرەت قىلىنىدۇ». يەنە

پەيغەمبەر  ئەلەيھسسالام: « سُبْحَانَ اللّٰهِ وَالْحَمْدُ لِلّٰهِ وَاللّٰهُ اَكْبَرُ لَا اِلٰهَ اِلاَّ اللّٰهُ لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ وَهُوَعَلٰى كُلِّ شَیْءٍ قَدِيرٌ (ئاللاھنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن، جىمى ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ ئەڭ ئۇلۇغ، بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، پۈتۈن سەلتەنەت ۋە جەمى ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر) دېگەن سۆزنى كۈنىگە يۈز قېتىم دېسە، ئۇنىڭ خاتالىقلىرى دېڭىز كۆپۈكىدەك كۆپ بولسىمۇ، ھەممىسى يوققا چىقىرىلىدۇ » دېگەن. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق

دېگەن: رەسۇلۇللا «جەننەتنىڭ
باغچىلىرىدىن ئۆتكەندە ياپراقلار»
دېگەندى، مەن جەننەتنىڭ باغچىسى
دېگەن نېمە؟ دەپ سورىغانىدىم،
«مەسچىت» دېدى، «ياپراش»
دېگەن نېمە؟ دەپ سورىغانىدىم،
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: سُبْحَانَ اللّٰه
وَالْحَمْدُ لِلّٰهِ وَلاَ إِلٰهَ إِلا اللّٰهُ وَاللّٰهُ أَكْبَرْ
دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:
«كىمكى سُبْحَانَ اللّٰهِ وَبِحَمْدِهِ دېسە،
جەننەتتە ئۇنىڭغا بىر تۈپ خورما دەرىخى
تىكىلىدۇ» دېگەن. ئەبۇ ھۇرەيرە
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «لاَحَوْلَ
وَلاَ قُوَّةَ إِلاَّ بِاللّٰهِ (ئاللاھنىڭ مەدىتى

بولمسا ھېچ بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ) دېگەن سۆزنى كۆپ ئېيتقىن، چۈنكى ئۇ جەننەتنىڭ خەزىنىلىرىدىن بىر خەزىنىدۇر » دېدى دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « نامازشامدىن كېيىن كىمكى لَاإِلٰهَ إِلاَّ اللّٰهُ وَحْدَهُ لَاشَرِيكَ لَهُ لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ يُحْيِي وَيُمِيتُ وَهُوَعَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ (يالغۇز بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ بىر ئىلاھ يوق، ئۇنىڭ شېرىكى يوق، پۈتۈن سەلتەنەت ۋە جىمى ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھتائالا تىرىلدۈرىدۇ ۋە قەبزى روھ قىلىدۇ، ئۇ ئاللاھتائالا ھەممە نەرسىگە قادىردۇر)

دېگەن سۆزنى ئون قېتىم ئېيتسىدىكەن، ئاللاھتائالا ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر جامائە پەرىشتىسىنى ئەۋەتىدۇ، ئۇلار ئۇنى تاڭ ئاتقۇچە شەيتاندىن ساقلايدۇ، ئۇنىڭغا ئاللاھتائالا جەننەتكە كىرگۈزىدىغان ئون ياخشىلىقنى يازىدۇ، ھالاك قىلغۇچى ئون يامانلىقنى ئۇنىڭدىن كۆتۈرۈۋېتىدۇ، ئون مۆمىن قۇلنى ئازاد قىلغانىنىڭ ساۋابىنى يازىدۇ » دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئىشنىڭ ھەممىسىنى 〈 ئەلھەمدۇلىللاھ 〉 دەپ باشلىمسا، ئۇنىڭدا بەرىكەت بولمايدۇ » (بۇنىڭدا مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ھەرقانداق

ئىشنى يەنى مەيلى پەرز ياكى سۈننەت ياكى مۇباھ ئىشتا بولسۇن «ئەلھەمدۇلىللاھ» بىلەن باشلاشنىڭ زۆرۈرلۈكى چىقىدۇ، ئالدى بىلەن «بىسمىللاھ»دەپ، ئاندىن كېيىن «ئەلھەمدۇلىللاھ» دەپ باشلاش ئەڭ ئەۋزەلدۇر).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «تاماق يەپ بولۇپ 〈ئەلھەمدۇلىللاھ〉 دېگەن، ئۇسسۇلۇق ئىچىپ بولۇپ 〈ئەلھەمدۇلىللاھ〉 دېگەن بەندىدىن ئاللاھ رازى بولىدۇ». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھتائالا ئۈچۈن ئەڭ سۆيۈملۈك تۆت سۆز بار، ئۇلار: سُبْحَانَ اللّٰهِ وَالْحَمْدُ لِلّٰهِ وَلاَ إِلٰهَ

إِلاَّ اللهُ وَاللهُ أَكْبَرُ دۇر ئۇلارنىڭ قايسىنى ئالدىدا ئېيتسالىڭ ساڭا ھېچ باك يوقتۇر ».
پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: « مېنىڭ سُبْحَانَ اللهِ وَالْحَمْدُ لِلّٰهِ وَلا إِلٰهَ إِلاَّ اللهُ وَاللهُ أَكْبَرُ دېگەن سۆزنى ئېيتىشىم مەن ئۈچۈن جاھاندىكى ھەممە نەرسىدىن سۆيۈملۈكتۇر ».
پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دېگەن: « سىلەرگە نۇھ ئەلەيھسسالام ئوغلىغا ئۆگەتكەن نەرسىنى ئۆگىتىپ قويىمەن ۋە ئۇنى سىلەرنىڭمۇ دېيىشىڭلارنى بۇيرۇيمەن. ئۇ: سُبْحَانَ اللهِ وَبِحَمْدِهِ دىن ئىبارەتتۇر، ئۇ مەخلۇقاتنىڭ دۇرۇتى ۋە مەخلۇقاتنىڭ تەسبىھىدۇر، ئۇنىڭ بىلەن

مەخلۇقاتلارغا رىزق بېرىلىدۇ ».

« ھوقلة » ( ھەۋقەلە ، لَاحَوْلَ وَلَا قُوَّةَ إِلَّا بِاللّٰهِ نىڭ قىسقارتىلمىسى ) نىڭ پەزىلىتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « سىلەر باقى قالىدىغان ئەمەللەرنى كۆپ قىلىڭلار ۋە تەسبىھ، تەھلىل، تەكبىر، ھەمدۇسانا لَاحَوْلَ وَلَا قُوَّةَ إِلَّا بِاللّٰهِ دېگەن سۆزنى كۆپ ئېيتىڭلار » دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ ھۇرەيرىگە : « ساڭا ئەرشنىڭ تەھتىدىكى جەننەتنىڭ خەزىنىلىرىدىن بولغان بىر سۆزنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ سەن لَاحَوْلَ وَلَا قُوَّةَ إِلَّا بِاللّٰهِ دېگەن سۆزنى دېگەيسەن،

مۇشۇ سۆزنى دېسەڭ ئاللاھتائالا مېنىڭ بەندەم مۇسۇلمان بولدى ۋە بويسۇندى دەيدۇ » دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: « **لاحَوْلَ وَلاَ قُوَّةَ إِلاَّ بِاللّٰهِ** دېگەن سۆز 99 خىل دەردكە داۋادۇر، ئۇ دەردلەرنىڭ ئەڭ ئاسىنى غەم-قايغۇدىن ئىبارەت » پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: « يەر يۈزىدىكى بىرەر ئادەم **لاإِلَهَ إِلاَّاللّٰهُ وَاللّٰهُ أَكْبَرُ وَلاَحَوْلَ وَلاَ قُوَّةَ إِلاَّ بِاللّٰهِ** دەيدىكەن ئۇنىڭ خاتالىقلىرى دېڭىزنىڭ كۆپۈكىدەك كۆپ بولغان تەقدىردىمۇ يوققا

چىقىرىلىدۇ ».

## ئىستىغپارنىڭ پەزىلىتى

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېگەن: "**بىلگىنكى ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، گۇناھىڭ ئۈچۈن، ئەر-ئايال مۆمىنلەر ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن، ئاللاھ سىلەرنىڭ (بۇ دۇنيادىكى) ھەرىكىتىڭلارنى ۋە (ئاخىرەتتىكى) جايىڭلارنى بىلىدۇ**" (47- سۈرە مۇھەممەد، 19-ئايەت).

ئاللاھتائالا يەنە مۇنداق دېگەن: "(ئۇلارغا) ئېيتتىم: پەرۋەردىگارىڭلاردىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئۇ ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر" (71-سۈرە نۇھ،

10-ئايەت)، ئاللاھتائالا يەنە مۇنداق
دېگەن: "ئۇلار كېچىسى ئاز ئۇخلايتتى،
ئۇلار سەھەرلەردە (پەرۋەردىگارىدىن)
مەغپىرەت تىلەيتتى" (15-سۈرە زارىيات،
17 — 18-ئايەتلەر). ئاللاھتائالا يەنە
مۇنداق دېگەن: "ئى مۇھەممەد! مېنىڭ
تىلىمدىن) ئېيتقىنكى، (گۇناھلارنى قىلىۋېرىپ)
ئۆزلىرىگە جىنايەت قىلغان بەندىلىرىم!
ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار،
ئاللاھ ھەقىقەتەن (خالىغان ئادەمنىڭ)
جىمى گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ،
شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت
قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر "
(24-سۈرە نۇر، 53-ئايەت). پەيغەمبەر

ئەلەيھسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن چوقۇم كۈنىگە 70 قېتىمدىن ئارتۇقراق ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەيمەن ۋە ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىمەن». پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمىكى مۆمىن ئەر-ئاياللار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلەيدىكەن، ئۇنىڭ ھەربىر مۆمىن ۋە مۆمىنەگە مەغپىرەت تىلىگەنلىكى ئۈچۈن بىر ياخشىلىق يېزىلىدۇ». پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمىكى مۆمىن ئەر-ئاياللار ئۈچۈن كۈنىگە 27 قېتىم مەغپىرەت تىلەيدىكەن، ئۇ ئادەم دۇئاسى ئىجابەت بولغانلار ۋە زېمىن ئەھلىنىڭ رىزقلاندۇرۇشىغا سەۋەبچى

بولغانلار قاتاردا بولدۇ ». پەيغەمبەر
ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « ئاللاھتائالا
مېنىڭ ئۈممىتىمگە مۇنداق ئىككى ئامانلىقنى
چۈشۈرۈپ بەرگەن: ” **سەن ئۇلارنىڭ
ئىچىدە تۇرغان چېغىڭدا** (سېنى ھۆرمەتلەش
**يۈزىسىدىن) ئاللاھ ئۇلارغا ئازاب قىلمايدۇ،
ئۇلار ئىستىغپار ئېيتىپ تۇرغان چاغدا ئاللاھ
ئۇلارغا ئازاب قىلمايدۇ** “ (8-سۈرە
ئەنفال، 33-ئايەت). پەيغەمبەر
ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « كىمكى
داۋاملىق مەغپىرەت تەلەپ قىلىپ
تۇرىدىكەن، ئاللاھتائالا ئۇنىڭ ھەر خىل
مۇشكۈلچىلىكلىرىنى ئاسان قىلىدۇ ۋە
ھەرقانداق غەم-قايغۇلىرىنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ

ۋە ئۇنىڭغا ئويلىمىغان يەردىن رىزق ئاتا قىلىدۇ». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «كىمىكى تۆشۈكىدە ياتقان چاغدا أَسْتَغْفِرُ اللّٰهَ الَّذِي لَاإِلٰهَ إِلاَّهُوَالْحَيُّ الْقَيُّومُ وَأَتُوبُ اِلَيْهِ (ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەيمىزكى ئاللاھتىن باشقا ھېچ بىر مەبۇد 〈بەرھەق〉 يوقتۇر، ئاللاھ ھەمىشە تىرىكتۇر، مەخلۇقاتنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر) نى ئۈچ قېتىم دېسە، ئاللاھ ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ، گەرچە ئۇنىڭ گۇناھلىرى دېڭىزنىڭ كۆپۈكىدەك ۋە دەرەخنىڭ ياپرىقىنىڭ سانىدەك ۋە قۇم دۆۋىسىدىكى قۇمنىڭ

ساندەك ۋە دۇنيانىڭ كۇنلىرىنىڭ ساندەك كۆپ بولسىمۇ » .

## تەۋبەنىڭ پەزىلىتى

تەۋبە كىشىنىڭ قىلغان گۇناھلىرىغا ئۆكۈنۈپ، ئاللاھتائالاغا يۈزلىنىشى بولۇپ، كىشى ھەربىر گۇناھىغا تەۋبە قىلىشى لازىم، گۇناھ ئاللاھ بىلەن بەندىنىڭ ئارىسىدىكى ئىش بولۇپ، كىشىنىڭ ھەققىگە چېتىلمايدىغان بولسا، مۇنداق ھالەتتە تەۋبىنىڭ ئۈچ شەرتى بولىدۇ: 1. گۇناھىدىن پۈتۈنلەي قول ئۈزۈش. 2. قىلغان گۇناھىغا پۇشايمان قىلىش. 3. قايتا قىلماسلىققا بەل باغلاش. ئەگەر گۇناھ كىشىنىڭ ھەققىگە چېتىشلىق بولسا، يۇقىرىقى شەرتلەردىن

باشقا، يەنە بىر شەرت قوشۇلىدۇ، ئۇ بولسىمۇ ھەقنى ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇپ ئۇنى رازى قىلىشتىن ئىبارەت. كىشى گۇناھلىرىنىڭ ھەممىسىگە تەۋبە قىلىشى كېرەك. بىر گۇناھقا تەۋبە قىلسا بىرگە ھېساب بولىدۇ، ئەگەر ھەممە گۇناھىغا تەۋبە قىلسا، ھەممىگە ھېساب بولىدۇ. چىن دىل بىلەن قىلىنغان تەۋبە ھەر ۋاقىت قوبۇل قىلىنىۋېرىدۇ، سەكراتقا چۈشۈپ قالغاندا ۋە قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلگەن چاغدا قىلغان تەۋبە قوبۇل بولمايدۇ. ئاللاھتائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: "ئاللاھ قوبۇل قىلىشنى ۋەدە قىلغان تەۋبە يامانلىقنى نادانلىقتىن

قىلىپ سېلىپ، ئاندىن ئۇزۇنغا قالماي (يەنى ئۆلۈم كېلىشتىن بۇرۇن) تەۋبە قىلغانلارنىڭ تەۋبىسىدۇر، ئاللاھ ئەنە شۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، ئاللاھ ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. داۋاملىق يامان ئىشلارنى قىلىپ بېشىغا ئۆلۈم كەلگەن چاغدا، ئەمدى تەۋبە قىلدىم، دېگۈچىلەرنىڭ تەۋبىسى ۋە كاپىر پېتى ئۆلگۈچىلەرنىڭ تەۋبىسى (يەنى ئۆلۈم ئالدىدا ئىمان ئېيتتىم دېگۈچىلەرنىڭ ئىمانى) قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئەنە شۇلارغا قاتتىق ئازاب تەييارلىدۇق" (4 ـ سۈرە نىسا، 17 ـ 18 ـ ئايەتلەر).

تەۋبە سەممىي چىن دىل بىلەن بولغان بولۇشى كېرەك. ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: "ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا سەممىي تەۋبە قىلىڭلار، ئۈمىدكى، پەرۋەردىگارىڭلار سىلەرنىڭ گۇناھىڭلارنى يوققا چىقىرىدۇ، سىلەرنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈندە) ئاللاھ پەيغەمبەرنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان مۆمىنلەرنى رەسۋا قىلمايدۇ، ئۇلارنىڭ نۇرى ئۇلارنىڭ ئالدىدا ۋە ئوڭ تەرىپىدە يۈرىدۇ، ئۇلار: ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە نۇرىمىزنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ بەرگىن، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، سەن

بولساڭ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىرسەن، دەيدۇ“ (66-سۈرە تەھرىم، 8-ئايەت) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بەندە گۇناھىنى تونۇپ تەۋبە قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ».
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھتائالا ياخشى بەندىسىنىڭ جەننەتتىكى دەرىجىسىنى كۆتۈرىدۇ. بەندە: ‹پەرۋەردىگارىم! بۇ دەرىجە ماڭا قەيەردىن كەلگەن؟› دەپ سورايدۇ. ئاللاھ: ‹بالاڭنىڭ ساڭا مەغپىرەت تىلىشى بىلەن بۇ دەرىجىگە

ئېرىشتىڭ 〉 دەيدۇ، ئاللاھتائالا كۈندۈزى گۇناھ ئۆتكۈزگەنلەرنى تەۋبە قىلسۇن دەپ كېچىسى ئۆزىنىڭ مەرھەمەت قولىنى كەڭ ئاچىدۇ، كېچىسى گۇناھ ئۆتكۈزگەنلەرنى تەۋبە قىلسۇن دەپ كۈندۈزى مەرھەمەت قولىنى كەڭ ئاچىدۇ، ئاللاھنىڭ بۇ مەرھەمىتى قىيامەتكىچە داۋاملىشىدۇ ».

**پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئېيتىشنىڭ پەزىلىتى**

ئاللاھتائالا مۇنداق دېگەن: " **ئاللاھ ھەقىقەتەن پەيغەمبەرگە رەھمەت يوللايدۇ** (يەنى پەيغەمبەر **ئەلەيھىسسالامغا** رەھمەت قىلىدۇ، ئۇنىڭ شەنىنى ئۇلۇغ قىلىدۇ، دەرىجىسىنى ئۈستۈن قىلىدۇ) پە

رىشتىلەرمۇ ھەققەتەن (پەيغەمبەرگە) مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ، ئى مۆمىنلەر! سىلەر **پەيغەمبەرگە دۇرۇت ئېيتىڭلار ۋە ئامانلىق تىلەڭلار** " (33-سۈرە ئەھزاب، 56-ئايەت). دۇرۇت ئاللاھتائالا تەرىپىدىن رەھمەت، كۆپلەپ مەرھەمەت قىلىش مەنىسىدە بولىدۇ، پەرىشتىلەر تەرىپىدىن مەغپىرەت تىلەش مەنىسىدە بولىدۇ، بەندىلەر تەرەپتىن بولسا دۇئا مەنىسىدە بولىدۇ. (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېيتىلىدىغان دۇرۇتنىڭ تېكىستىنى ئۆتكەندە دۇئالار بابىدا بەرگەنىدۇق). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « كىمكى ماڭا بىر قېتىم دۇرۇت ئېيتىدىكەن، ئاللاھ

ئۇنىڭغا ئون قېتىم رەھمەت قىلىدۇ ». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: « قىيامەت كۈنى ماڭا ئەڭ يېقىن تۇرىدىغان كىشىلەر، ماڭا ئەڭ كۆپ دۇرۇت ئېيتقان كىشىلەردۇر ». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « جۈمە كۈنى دۇرۇتنى كۆپ ئېيتىڭلار ». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « مېنىڭ ئۈممىتىمدىن كىمكى ماڭا دۇرۇت ئېيتىدىكەن، ئۇنىڭغا ئون ياخشىلىق يېزىلىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ئون يامانلىق ئۆچۈرۈلىدۇ ». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « مەن تىلغا ئېلىنغان چاغدا ماڭا دۇرۇت ئېيتمىغان ئادەم بېخىل ئادەمدۇر ». پەيغەمبەر

ئەلەيھسسالام مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ قەبرەمنى ھېيت قىلىۋالماڭلار، ماڭا دۇرۇت ئېيتىڭلار، سىلەر قەيەردە دۇرۇت ئېيتساڭلار ماڭا يېتىدۇ» (بۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلغاندا، زىيارەتتە قائىدىگە سىغمايدىغان ناشايان ئىشلارنى چەكلەشتۇر، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مەسچىتىنى زىيارەت قىلىپ پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇبارەك قەبرىسى ئالدىدا تۇرۇپ ئەدەب-قائىدە بويىچە سالام بېرىش ياخشى سانىلىدىغان ئىشتۇر). پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەرقانداق بىر ئادەم ماڭا سالام بەرسە، ئۇنىڭ سالامىنى قايتۇرۇشۇم

ئۇچۇن ئاللاھتائالا مېنىڭ روھىمنى قايتۇرىدۇ ».
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەبرىدە ھايات بولۇپ، ئۇنىڭغا سالام بەرگۈچىلەرنىڭ سالىمىنى قايتۇرۇپ تۇرىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا سالام بەرگۈچىلەردىن ھېچ ۋاقىت خالىي بولمايدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىدىكى ھاياتىنىڭ ماھىيىتىنى ئاللاھ ياخشى بىلىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىدىكى ھاياتى بىزنىڭ ھاياتىمىزدىن پەرقلىق بولىدۇ.

**«قۇرئان كەرىم»نىڭ پەزىلىتى**

ئاللاھتائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: "شەك-شۈبھىسىزكى، ئۇ ئۇلۇغ قۇرئاندۇر. كىتابتا (يەنى

لەۋھۇلمە ھېۋزدا ) ساقلانغاندۇر . ئۇنى پەقەت پاك بولغانلارلا تۇتىدۇ " ( 56-سۈرە ۋاقىئە ، 77-79-ئايەتلەر ) . ئاللاھتائالا « قۇرئان كەرىم »دە مۇنداق دەيدۇ : " سەن قۇرئان ئوقۇماقچى بولغىنىڭدا قوغلاندى شەيتاننىڭ (ۋەسۋەسىدىن ) ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ تىلىگىن " ( 16-سۈرە نەھل ، 98-ئايەت ) . ئاللاھتائالا « قۇرئان كەرىم »دە مۇنداق دەيدۇ : " ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ، قۇرئان ئوقۇلغان چاغدا ، ئۇنى دىققەت بىلەن ئاڭلاڭلار ۋە جىم تۇرۇڭلار (يەنى سۆز قىلماڭلار ) " ( 7-سۈرە ئەئراف ، 204-ئايەت ) . ئاللاھتائالاھ

« قۇرئان كەرىم »دە مۇنداق دەيدۇ: " قۇرئاننى تەرتىل بىلەن (يەنى دانە - دانە، ئوچۇق) ئوقۇغىن " (73 - سۈرە مۇززەممىل، 4 - ئايەت). ئاللاھتائالا « قۇرئان كەرىم »دە مۇنداق دەيدۇ: " (ئى مۇھەممەد!) سەن ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغان (مۇشرىكلارغا) قۇرئاننى ئوقۇغان چېغىڭدا ئۇلار بىلەن سېنىڭ ئاراڭدا يوشۇرۇن پەردە پەيدا قىلدۇق " (17 - سۈرە بەنى ئىسرائىل (ئىسرا)، 45 - ئايەت). ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: "بىز كىشىلەرنى ۋەز - نەسىھەت ئالسۇن دەپ، بۇ قۇرئاندا ئۇلارغا تۈرلۈك مىساللارنى بايان قىلدۇق " (39 - سۈرە

زۇمەر، 27-ئايەت). ئاللاھتائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: "مېنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشۇمدىن قورقىدىغانلارغا (قۇرئان بىلەن ۋەز-نەسىھەت قىلغىن)" (50-سۈرە قاف، 45-ئايەت). ئاللاھتائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: "ئۇلار (ھەقنى تونۇش ئۈچۈن) قۇرئاننى پىكىر قىلمامدۇ؟ بەلكى ئۇلارنىڭ دىللىرىدا قۇلۇپ بار (شۇڭا ئۇلار چۈشەنمەيدۇ)" (47-سۈرە مۇھەممەد، 24-ئايەت)

ئاللاھتائالا «قۇرئان كەرىم»دە يەنە مۇنداق دەيدۇ: "بۇ قۇرئان ھەقىقەتەن ئەڭ توغرا يولغا باشلايدۇ، ياخشى ئىشلارنى قىلىدىغان مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ چوڭ

**مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇ "** (17-سۈرە بەنى ئىسرائىل (ئىسرا)، 9-ئايەت). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەر خۇش خەۋەر بېرىڭلار، بۇ قۇرئاننىڭ بىر تەرىپى ئاللاھنىڭ قولىدا، يەنە بىر تەرىپى سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىدۇر، سىلەر ئۇنى مەھكەم تۇتۇڭلار، سىلەردىن قايسىڭلار شۇنداق قىلساڭلار مەڭگۈ ھالاك بولمايسىلەر ۋە ئازمايسىلەر». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ ياخشىراقىڭلار قۇرئاننى ئۆگەنگەنلەر ۋە ئۆگەتكەنلەردۇر» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ ئۇممىتىمنىڭ

ئەڭ شەرەپلىك كىشىلىرى قارىيلاردۇر ۋە
كېچىنى بىدار ئۆتكۈزىدىغانلاردۇر ».
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:
« كىمكى بىر كېچىدە يۈز ئايەت ئوقۇسا،
ئۇ، غاپىللار قاتارىدا بولمايدۇ ». پەيغەمبەر
ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « ئەگەر
بىر بەندە « قۇرئان كەرىم »نى خەتمە
قىلسا، خەتمە قىلغان چاغدا ئۇنىڭغا ئاتمىش
مىڭ پەرىشتە دۇئا قىلىدۇ ». پەيغەمبەر
ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « ئەگەر
قارىي جەننەتكە كىرسە، ئۇنىڭغا ئوقۇغىن
ۋە يۇقىرى چىق دېيىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن
ئۇ بىر ئايەت ئوقۇپ بىر بالداق ئۆرلەيدۇ،
ھەتتا ئەڭ ئاخىرقى ئايەتكىچە ئوقۇيدۇ ».

سۈرە« فاتىھە »(تۇنجى سۈرە ) ھەققىدە

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « قۇرئاندىكى ئەڭ ئەۋزەل سۈرە اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ (جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر)دۇر » پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « ئاللاھتائالا بىر بەندىگە بىرەر نېمەتنى بەرگەن بولسا، بەندە اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ (جىمى ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇر) دېسە، ئۇنىڭ شۇكرانىسىنى ئادا قىلغان بولىدۇ، يەنە ئىككىنچى قېتىم دېسە، ئاللاھ ئۇنىڭ ساۋابىنى يېڭىلايدۇ، ئۈچ قېتىم دېسە، ئاللاھ ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى

مەغپىرەت قىلسدۇ ». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: ‹ مەن نامازنى ئۆزۈم بىلەن بەندەم ئارىسىدا ئىككى بۆلەككە بۆلدۇم، بەندەم ئۈچۈن سورىغان نەرسىسى تېگىشلىكتۇر › ئەگەر بەندەم اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ رَبِّ الْعٰلَمِينَ (جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگار ئاللاھقا خاستۇر) دېسە، ئاللاھ: ‹ مېنىڭ بەندەم مېنى مەدھىيىلىدى › دەيدۇ، ئەگەر اَلرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ (ئاللاھ ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر) دېسە، ئاللاھ: ‹ مېنىڭ بەندەم مېنى تەرىپلىدى › دەيدۇ، ئەگەر مٰلِكِ يَوْمِ الدِّينِ (قىيامەت كۈنىنىڭ

ئىگىسىدۇر ) دېسە ، ئۇ : ( مېنىڭ بەندەم مېنى ئۇلۇغلىدى ) دەيدۇ. ئەگەر " إِيَّاكَ نَعْبُدُ وَإِيَّاكَ نَسْتَعِينُ ( ( رەببىمىز ) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز ) " دېسە ، ئۇ : ( بۇ بولسا مەن بىلەن بەندەم ئوتتۇرىسىدىكى ئىش ، بەندەم ئۇچۇن ئۇنىڭ سورىغىنى تېگىشلىك ( دەيدۇ. ئەگەر " اهْدِنَا الصِّرَاطَ الْمُسْتَقِيمَ صِرَاطَ الَّذِينَ أَنْعَمْتَ عَلَيْهِمْ غَيْرِ الْمَغْضُوبِ عَلَيْهِمْ وَلَا الضَّالِّينَ (بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن ، غەزىپىڭگە يولۇققانلارنىڭ ۋە ئازغانلارنىڭ يولىغا ئەمەس ، سەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا باشلىغىن ) " دېسە ، ئۇ : ( بۇ بەندەم ئۇچۇندۇر ،

بەندەم ئۇچۇن ئۇنىڭ سورىغانلىرى قوبۇل بولىدۇ › دەيدۇ.» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « **فَاتِحَةُ الْكِتَابِ** (سۈرە پاتىھە) ھەربىر كېسەل ئۇچۇن شىپادۇر ».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « **فَاتِحَةُ الْكِتَابِ** (سۈرە فاتىھە) ئەرشنىڭ ئاستىدىكى خەزىنىدىن نازىل قىلىنغان ».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « بىر بەندە بىر ئۆيدە **فَاتِحَةُ الْكِتَابِ وَآيَةُ الْكُرْسِيِّ** (سۈرە فاتىھە ۋە ئايەتۇلكۇرسى)نى ئوقۇمسا، شۇ كۈنىنىڭ ئۆزىدە ئىنسان ياكى جىننىڭ كۆزى تېگىدۇ ».

**سۈرە « بەقەرە » (2-سۈرە) ھەققىدە**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق

دېگەن: «ھەر بىر نەرسىنىڭ يۈقىرى پەللىسى بولىدۇ قۇرئاننىڭ يۈقىرى پەللىسى «بەقەرە» سۈرىسىدۇر، كىمكى ئۇنى ئۆيىدە كېچىسى ئوقۇسا، ئۇنىڭ ئۆيىگە شەيتان ئۈچ كېچە كىرمەيدۇ، ئۇنى كۈندۈزى ئوقۇسا، ئۇنىڭ ئۆيىگە شەيتان ئۈچ كۈندۈز كىرمەيدۇ». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سۈرە بەقەرەدە قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ غوجىسى بولغان بىر ئايەت بار، بۇ ئايەت شەيتان بار بىر ئۆيدە ئوقۇلسا، شەيتان ئۇ ئۆيدىن چىقىپ كەتمەي تۇرالمايدۇ، ئۇ بولسىمۇ ‹ئايەتۇلكۇرسى› دۇر». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھتائالا

سۈرە بەقەرەنى ئەرشنىڭ ئاستىدىكى خەزىنىدىن بەرگەن ئىككى ئايەت بىلەن ئاخىرلاشتۇردى. سىلەر ئۇ ئىككى ئايەتنى ئۆگىنىڭلار ۋە ئۇلارنى ئاياللىرىڭلارغا ۋە باللىرىڭلارغا ئۆگىتىڭلار، ئۇ ئىككىسى بولسا رەھمەتتۇر، قىرائەتتۇر ۋە دۇئادۇر». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمىكى سۈرە ﴿بەقەرە﴾ نىڭ ئاخىرىدىكى ئىككى ئايەتنى كېچىدە ئوقۇيدىكەن، شۇ كېچىسى ئۇلار ئۇنىڭغا كۇپايە قىلىدۇ».

**سۈرە «ئىسرا» («بەنى ئىسرائىل»، 17 - سۈرە) ھەققىدە**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق

دېگەن: «كىمكى سەھەردە ۋە كەچتە قُلِ ادْعُوا اللّٰهَ أَوِادْعُوا الرَّحْمٰنَ أَيًّامَّاتَدْعُوا فَلَهُ اْلاَسْمَاءُ الْحُسْنٰى (ئاللاھ دەپ ئاتساڭلارمۇ بولىدۇ، رەھمان دەپ ئاتساڭلارمۇ بولىدۇ، قايسىنى ئاتساڭلار (ھەممىسى ياخشىدۇر)، چۈنكى ئاللاھنىڭ نۇرغۇن گۈزەل ئىسملىرى بار» دېگەن)، دېن باشلاپ شۇ سۈرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئوقۇسا ئۇنىڭ دىلى شۇ كۈنى ۋە شۇ كېچىدە ئۆلمەيدۇ».

**سۈرە«كەھف» (18- سۈرە) ھەققىدە**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى سۈرە 〈كەھف〉 نىڭ ئالدىنقى ئون ئايىتىنى يادلىسا، ئۇ، دەججالنىڭ پىتنىسىدىن ئەمىن بولىدۇ».

**سۈرە« نۇر » (24- سۈرە) ھە ققىدە**

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دېگەن: « ئەگەر بىر بەندە سۈرە 〈 نۇر 〉 دىكى اَللّٰهُ نُورُ السَّمٰوَاتِ وَالْاَرْضِ (**ئاللاھ ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ نۇرىدۇر**) دېگەن ئايەتنى ئوقۇسا ۋە ئاللاھتىن ئۇنىڭ نۇرىنى ۋە بەرىكىتىنى تىلىسە، مۆمىن بەندە ئاللاھنىڭ نۇرىنى كۆرىدۇ ».

**سۈرە « ياسىن » (36- سۈرە) ھە ققىدە**

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دېگەن: « كىمكى سۈرە 〈 ياسىن 〉 نى كۈندۈزى ئوقۇسا ۋە ھاجەتمەن بولغاندا ئوقۇسا، ئۇنىڭ ھاجىتى راۋا بولىدۇ ».

**سۈرە « دۇخان » (44- سۈرە) ھە ققىدە**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى (حٰم الدُّخَانُ (ھا، مىم ‹دۇخان› نى كېچىدە ئوقۇسا ئۇنىڭغا يەتمىش مىڭ پەرىشتە ئىستىغپار ئېيتىدۇ».

**سۈرە «ۋاقىئە» (56 ـ سۈرە) ھەققىدە**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى سۈرە اَلْوَاقِعَةُ ھەر كېچىسى ئوقۇسا ئۇ ئادەم غورىبەتچىلىككە مەڭگۈ دۇچار بولمايدۇ».

**سۈرە «ھەشر» (59 ـ سۈرە) ھەققىدە**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى سۈرە الْحَشْر نىڭ ئاخىرقى ئايىتىنى كېچە ياكى كۈندۈزدە

ئوقۇسا ۋە شۇ كۈندە ياكى كېچىدە قەبزى روھ قىلىنسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن جەننەتكە كىرىشكە تېگىشلىك بولىدۇ ».

**سۈرە« مۇلك » (« تەبارەك »،**

**67- سۈرە) ھەققىدە**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «‹ قۇرئان كەرىم › دە 30 ئايەتلىك بىر سۈرە بار، ئۇ سۈرىدە بىرەر كىشىگە شاپائەت قىلىنىپ، ئۇنىڭ گۇناھى مەغپىرەت قىلىنغان، ئۇ بولسا **تَبَارَكَ الَّذِي بِيَدِهِ الْمُلْكُ** (**پۈتۈن ئاسمان- زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ئىلكىدە بولغان ئاللاھنىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر**) دېگەن سۈرىدۇر ».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: 〈 تەبارەك 〉 سۈرىسى قەبرە ئازابىنى توسۇغۇچىدۇر ».

سۈرە« زۇھا » (33- سۈرە) ھە ققىدە

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ وَلَسَوْفَ يُعْطِيْكَ رَبُّكَ فَتَرْضَى (پەرۋەردىگارىڭ ساڭا ئاخىرەتتە ساۋاب، ھۆرمەت ۋە شاپائەت قاتارلىقلارنى ئاتا قىلىدۇ، سەن مەمنۇن بولىسەن) دېگەن ئايىتىدىن ئۈمىدۋار ئايەتنى نازىل قىلمىدى، مەن ئۇنى ئۆز ئۇممىتىم ئۈچۈن قىيامەت كۈنىگە ئاتاپ قوراماساق قىلىپ ساقلاپ قويىدۇم ».

سۈرە« قەدر » (97- سۈرە) ھە ققىدە

پەيغەمبەر ئەلەيهسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى **إِنَّاأَنْزَلْنَاهُ فِي لَيْلَةِ الْقَدْرِ (بىز قۇرئاننى ھەقىقەتەن شەبى قەدرىدە نازىل قىلدۇق)** نى ئوقۇسا، قۇرئاننىڭ تۆتتىن بىرىنى ئوقۇغان بىلەن باراۋەر بولىدۇ».

**سۈرە «زەلزەلە» (99- سۈرە) ھەققىدە**

پەيغەمبەر ئەلەيهسسالام شۇنداق دېگەن: «إِذَا زُلْزِلَتِ (ئىزا زۇلزىلەتى) قۇرئاننىڭ يېرىمىغا تەڭ كېلىدۇ، **قُلْ يَاأَيُّهَاالْكَٰفِرُونَ** بولسا قۇرئاننىڭ تۆتتىن بىرىگە تەڭ كېلىدۇ، **قُلْ هُوَ اللّٰهُ أَحَدٌ (ئېيتقىنكى، ئۇ ئاللاھ بىردۇر)** بولسا قۇرئاننىڭ ئۈچتىن

بىرىگە تەڭ كېلىدۇ ».

## سۈرە « تەكاسۇر » (102 - سۈرە)

### ھەققىدە

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « سۈرە » التَّكاثُر نى قىرائەت قىلغۇچى روھانى ئالەمدە شۈكرىنى ئادا قىلغۇچى دەپ چاقىرىلىدۇ ». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « سىلەردىن بىرەرىڭلار ھەر كۈنى مىڭ ئايەت ئوقۇشقا قادىر بولالامدۇ؟ دېگەندە، ئۇلار، ئۇنىڭغا كىممۇ قادىر بولالىسۇن دەپ جاۋاب بەرگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « سىلەردىن بىرىڭلار أَلْهَاكُمْ التَّكَاثُرْ نى

ئوقۇشقا قادىر بولالماسمۇ؟ »

**سۈرە« ئىخلاس » ( 112 - سۈرە ) ھەققىدە**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « كىمكى قُلْ هُوَ اللّٰهُ أَحَدٌ نى ئۆز ئۆيىگە كىرگەندە ئوقۇسا، شۇ ئۆيدىن ۋە قوشنىلاردىن نامراتلىقنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ ». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « بىر كىشى قُلْ هُوَ اللّٰهُ اَحَدٌ نى يۈز قېتىم ئوقۇسا، مادامىكى ناھەق قان تۆكمىگەن، كىشىنىڭ ھەققىنى يېمىگەن ۋە پىسقى-پۇجۇر، مەيخورلۇقلاردىن ساقلانغان بولسا، ئاللاھ ئۇنىڭ 50 يىللىق گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ ». پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قُلْ هُوَاللّٰهُ اَحَدٌ» يەنى ئىخلاس سۈرىسى، «اَلْفَلَق» يەنى فەلەق سۈرىسى ۋە «اَلنَّاس» يەنى ناس سۈرىسىنى سەن كەچتە ۋە ئەتىگەندە ئۈچ قېتىم ئوقۇساڭ سېنىڭ ھەممە ئىشىڭغا يېتەرلىكتۇر».

## سۈرە «مۇئەۋۋەزەتەين» (113-114-سۈرە) ھەققىدە

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئى ئۇقبە، ئوقۇلىدىغان ئىككى ياخشى سۆزنى ساڭا ئۆگىتىپ قويايمۇ؟ ئۇلار ئىككىسى قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ الْفَلَقِ ۋە قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ النَّاسِ دىن ئىبارەتتۇر،

ئـى ئۇقبە، سەن ئۇ ئىككىسىنى ھەر قېتىم ئۇخلىغان ۋە ئورنىڭدىن تۇرغان چاغلاردا ئوقۇغىن، تىلەك تىلەشتە ۋە پاناھ تىلەشتە بۇ ئىككىسىنىڭ ئوخشىشى يوقتۇر ».

كل من ساهم فى نشرالدعاء

اجزل الله له كل العطاء

دۇئانىڭ ئەھمىيىتى ۋە خاسىيەتلىك دۇئالار

تۈزگۈچى : مۇھەممەد سالىھ

نەشر قىلغۇچى : دىن مەدەنىيىتى نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىر : زۇڭ ۋېن

تەكلىپلىك تەھرىر : شەمشىدىن ھاجى

نەشر ھوقۇقى بىزدە

كۆچۈرۈپ بېسىشقا بولمايدۇ

2002 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى

فورماتى : 64

تىراژى : 1ـ30100

باھاسى : 12.20 يۈەن